# 12- باب تور پروگراممىسى تۈزۈشتىن ئەمەلىي مىساللار

**بۇ بابنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:**

- مىساللاردىن پايدىلىنىپ ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك تېخنىكىلىق تور پروگراممىلىرىنى لايىھەلەش بىلەن تونۇشۇش .

## 1-12. سۆز قالدۇرۇش دوسكىسى

سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنى توردا دائىم كۆرۈپ تۇرىمىز ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ لايىھىلىنىشى ناھايىتى ئاددىي ، ئۇنى لايىھەلەشنىڭ ئۈچ خىل ئۇسۇلى بار .

بىرىنچى : Application ئوبيېكتىدىن پايدىلىنىپ لايىھەلەش .

Applicationئوبيېكتىدىن پايدىلىنىپ قالدۇرۇلغان سۆزنى خاتىرلىگەندە،ئەگەر مۇلازىمېتىر قايتا قوزغالسا خاتىرىلەنگەن ئۇچۇرلار يوقاپ كېتىدۇ .

ئىككىنچى : 10. بابتا ئۆگەنگەن يېزىق ھۆججەتكە ئۇچۇر ساقلاش- ئوقۇش مەشغۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ لايىھەلەشكە بولىدۇ ، بۇ خىل ئۇسۇلدا قالدۇرۇلغان سۆزلەر يېزىق ھۆججەتكە خاتىرلىنىدۇ.

ئۈچىنچى : سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن پايدىلىنىپ لايىھەلەش .

بۇ خىل ئۇسۇل ناھايىتى ئاسان، قۇلاي ، شۇڭا بىز بۇ يەردە مۇشۇ ئۈچىنچى خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ لايىھەلەيمىز.

### 1-1-12 . سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنى لايىھەلەش

تور پروگراممىسى لايىھىلىگەندە مۇرەككەپلەشتۈرمەي ئۆز تەلپىگە ئاساسەن مۇۋاپىق لايىھەلەڭ. ھەددىدىن ئارتۇق مۇرەككەپ لايىھىلىگەندە زېھنى كۈچ ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى بولۇپلا قالماي يەنە زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆزلىرى ئىمر – چىمر بولىدۇ، تور بەتنى چۈشىنەلمەيدۇ.

تۆۋەندە بىز مۇشۇ پىرىنسىپنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنى ئاددىي ، كۆركەم قىلىپ لايىھەلەيمىز. سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىقتىدارلار: سۆز قالدۇرغىلى بولۇش، قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىش، قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى ئۆچۈرۈش.

سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنى لايىھەلەشتە ئاساسلىقى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇچۇر ساقلاش، ئوقۇش بۆلىكمىسى ئىشلىتىلىدۇ ، قالدۇرۇلغان سۆزنى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلىغاندا بەت يۈزىدە كۆرسەتكىلى، ئۆچۈرۈۋەتكىلى ۋە يېڭىدىن قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

بۇ پروگراممىنى لايىھەلەشتە ئاساسلىقى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇچۇر ساقلاش- ئوقۇش بۆلىكمىسى، javascript,Include قاتارلىق ئۇسۇللار بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ ، بۇلارنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭ .

### 2-1-12. سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنىڭ ئىقتىدارلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش



چۈشەندۈرۈش :

بۇ پروگراممىا كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئۈيتىك دىسكىسىدا asptemp\chapter12\guest ئىچىدە ساقلانغان، جەمئىي ئالتە دانە ھۆججەت ، ئايرىم- ئايرىم ھالدا:

guest.mdb --- سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتى ، قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

index.asp --- سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنىڭ باش بېتى ، بۇ ھۆججەتتە قالدۇرۇلغان سۆزلەر

كۆرسىتىلدۇ ۋە قالدۇرۇلماقچى بولغان سۆزلەر كىرگۈزۈلىدۇ .

odbc_connectian.asp --- سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش ھۆججىتى

guest_style.css --- بۇ ھۆججەت سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىدىكى خەتلەرنىڭ چوڭلۇقى ، رەڭگى ، شەكلى قاتارلىقلارنى كونترول قىلىدۇ.

add.asp --- قالدۇرۇش ئۈچۈن كىرگۈزۈلگەن سۆزلەرنى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلايدۇ.

delete.asp --- قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى ئۆچۈرىدۇ .

تۆۋەندە تەرتىپ بويىچە تەپسىلىي سۆزلەيمىز:

(1) سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتى --- guest.mdb

قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى ساقلاشتا ئاۋۋال بىر دانە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى guest.mdb نى قۇرۇيمىز. ئۇ قالدۇرغان سۆز رەت نومۇرى، قالدۇرغان سۆز تېمىسى، قالدۇرغان سۆز مەزمۇنى ، سۆز قالدۇرغۇچى ئىسمى، سۆز قالدۇرغۇچى E_anailئادرېسى، سۆز قالدۇرۇلغان ۋاقىتتىن ئىبارەت ئالتە دانە خەت بۆلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جەدۋەلنىڭ تۈزۈلۈشى 1.12 . رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك.



| 字段名称 | 数据类型 | 说明 |
|---|---|---|
| guest_id | 自动编号 | 留言编号 |
| title | 文本 | 留言标题（字段大小100） |
| body | 备注 | 留言内容 |
| name | 文本 | 留言人姓名（字段大小30） |
| email | 文本 | 留言人email（字段大小100） |
| submit_date | 日期/时间 | 留言日期（日期类型） |

رەسىم 1.12 : سۆزقالدۇرۇش دوسكىسى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ←

پروگراممىنى يۈتكەشكە قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن بىز سانلىق مەلۇمات مەنبەسى بەلگىلىمەيمىز،پروگراممىنى بىۋاستە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇلايمىز .

(2) سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنىڭ باش بېتى --- index.asp

سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىنىڭ باش بېتى ئۇزۇن بولسىمۇ بىراق تۈزۈلۈشى ناھايىتى ئاددىي ، ئۈستى تەرىپى قالدۇرىدىغان سۆزنى كىرگۈزىدىغان تىزىملىك ، ئاستى تەرىپى قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدىغان بۆلەك ، ئابونت قالدۇرماقچى بولغان سۆزلەرنى يېزىپ 确定 (مۇقىملاش) كۇنۇپكىسىنى باسقاندا بۇ مەزمۇن add.aspگە يوللىنىدۇ ، add.asp بۇ مەزمۇننى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلىۋېتىپ ئابونتنى باش بەتكە قايتۇرىدۇ.

بۇ ھۆججەتتە ئابونت كىرگۈزىشكە تېگىشلىك مەزمۇننى تولۇق كىرگۈزدۈكمۇ- يوق ؟ تەكشۈرۈشتە javascript جۈملىسى ئىشلىتىلدى، بۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ.

---

```
<% option explicit%>
<!_#Include file="odbc_connection.asp"_>
<HTML>
<html dir="rtl">
<head>    <font face="UKIJ Esliye">
    <title>سۆزقالدۇرۇش دوسكىسى  </title>
    <link rel="stylesheet" href="guest_style.css">
    <Script Language="JavaScript">
```


```
    <!--
    function check_Null(){
        if (document.form1.title.value==""){
            alert("    تېمىنى بوش قويۇشقا بولمايدۇ    ");
            return false;
        }
        if (document.form1.name.value==""){
            alert("    ئىسمىنى بوش قويۇشقا بولمايدۇ  ");
            return false;
        }
        return true;
    }
    // -->
    </Script>
</head>
<body >
    <h1 align="center">سۆزقالدۇرۇش دوسكىسى<h1>
    <center>
        <table border='1' width='80%' cellspacing='0' bordercolorlight='#000000'
bordercolordark='#FFFFFF'    cellpadding='0' height="114">
        <tr bgcolor=#203F80>
        <td>
            <table border="0" width=100%>
    <form method="post" action="add.asp" name="form1"
onsubmit="JavaScript: return check_Null();">
    <tr><td><font color=white>تېما ： </font></td><td><input type="text"
name="title" dir="ltr" size="60"><font color="white">**</font></td></tr>
    <tr><td><font color=white>مەزمۇن ： </font></td><td><textarea
name="body" dir="ltr" rows=4 cols=60 wrap=soft></textarea></td></tr>
    <tr><td><font color=white>ئىسمىڭىز ： </font></td><td><input type="text"
name="name" dir="ltr" size="10"><font color="white">**</font></td></tr>
    <tr><td><font color=white>email： </font></td><td><input type="text"
name="email" dir="ltr" size="60"> </td></tr>
    <tr><td></td><td><input type="submit" value="   تاپشۇرۇش "
Size="20"></td></tr>
</form></table></td></tr>
```

```
</table>    <p>     </center>
<%
'تۆۋەندىكى جۈملىلەربىلەن قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىپ بېرىمىز
Dim Sql,rs                                   'ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار ئېنىقلىنىدۇ
Sql="Select guest_id,title,body,name,email,submit_date From guest "
                         'تىزىلىش تەرتىپىگە دىققەت قىلىڭ
Sql=Sql & " Order By submit_date desc,guest_id desc"
SET rs=db.Execute(Sql)                 'بىردانە Recordset ئوبيېكتى قايتۇرۇلىدۇ
If Not rs.Bof And Not rs.Eof Then            'ئەگەر قالدۇرۇلغان سۆز بولسىلا كۆرسىتىلىدۇ
%>
    <center>
    <table border="0" bordercolor="#8800FF" width="80%">
<%
Do While Not rs.Eof     'دەۋرىيلىك جۈملىسى ئارقىلىق بارلىق خاتىرىلەر تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىلىدۇ
%>
<tr><td colspan=2><hr></td>
</tr><tr>
<td width=20%>تېما</td>
<td><%=rs("title")%></td>
</tr><tr><td>مەزمۇن</td><td><%=rs("body")%></td>
</tr>   <tr><td>سۆزقالدۇرغۇچى  </td>
<td><a href="mailto:<%=rs("email")%>"><%=rs("name")%></a></td>
</tr><tr>   <td>سۆزقالدۇرۇلغان ۋاقىت  </td>
<td><%=rs("submit_date")%></td>
    </tr>   <tr>    <td></td>
<td><a href="delete.asp?guest_id=<%=rs("guest_id")%>">ئۆچۈرۈش</a></td>
</tr><%
rs.MoveNext                    'خاتىرە ئىستىرېلكىسى كېيىنكى بىرخاتىرىگە يۆتكىلىدۇ
        Loop
        rs.Close               'recordsetئوبيېكتى تاقىلىدۇ
        db.Close               'connectionئوبيېكتى تاقىلىدۇ
        %>
    </table>
    </center>
<%End If %>
</body>
```

</html>

---

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 2ـ12. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ .




2ـ12. رەسىم : سۆزقالدۇرۇش دوسكىسىنىڭ باش بېتى



چۈشەندۈرۈش :

① ئىلگىرى كۆرسىتىلگەن مىساللاردا ئاساسلىق مۇھىم نۇقتىلار تەكىتلەندى، بەت كۆرۈنۈشىنى لايىھىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىنچىكىلەپ ئويلىنىش قىلىنمىدۇق ، بىراق يۇقارقى مىسالدا بۇ جەھەتتە كۆپرەك ئويلىنىش لازىم . بەزى HTMLجۈمللىرىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنى ئىنچىكە مۇلاھىزىلىپ ئۆگىنىۋېلىش كېرەك ، بولۇپمۇ Talelنىڭ يېزىلىشى ئۇسۇلى ، مەسىلەن: سۆز كىرگۈزىدىغان تىزىملىك بۆلىكى جەدۋەلگە ئېلىندى ، قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدىغان بۆلەكمۇ جەدۋەلگە ئېلىندى . ئىنچىكىلىك بىلەن مۇلاھىزىلىك.

② ئىككىنچى قۇر :

```
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
```

بۇ جۈملە مەركىزى ھۆججەتنىڭ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش ھۆججىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. Include جۈملىسىدىن پايدىلىنىپ بىر ھۆججەتكە باشقا بىر ھۆججەتنى قىستۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇلاش جۈملىسىنى ئايرىم بىر ھۆججەتكە يازدۇق . شۇنىڭ بىلەن indx.asp,delete.asp,add.aspھۆججەتلىرىدە مۇشۇ قىستۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلاندۇق ، بۇنداقتا بىر ئاز ئاددىيلىشىدۇ.

③ ئالتىنچى قەدەم:

```
<link rel="stylesheet" href="guest_style.css">
```

بۇ جۈملە مەزكۇر ھۆججەتتىكى خەتلەرنىڭ چوڭلۇقى، رەڭگى، شەكلى guest_style.css ھۆججىتى ئارقىلىق تەڭشىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بەتنىڭ كۆرسىتىلىش شەكلىنى تۈزىتىشتە indx.asp نى ئۆزگەرتمەي guest_style.css نى تۈزەتسەكلا بولىدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل ناھايىتى ئاددىي بۇ جەھەتتە css گە دائىر مەخسۇس كىتابلاردىن پايدىلىنىڭ .

④ بۇ يەردە بىر بۆلەك JavaScript جۈملىسى ئىشلىتىلدى،بۇ جۈملىلەر ئارقىلىق ئابونت سۆز قالدۇرغاندا سۆز تىمىسى ۋە ئىسمىنى يازدىمۇ- يوق ھۆكۈم قىلىنىدۇ، بۇ جۈملە مۇلازىمېتىردا ئەمەس ئابونت كومپيۇتېردا ئىجرا بولىدۇ، ئابونت تولدۇرغان ئۇچۇرنى يوللاشتىن ئاۋۋال تەكشۈرىدۇ، ئەگەر تولۇق تولدۇرمىسا ياكى تەلەپكە لايىق تولدۇرمىسا ئەسكەرتىش ئۇچۇرى كۆرسىتىلىدۇ.

Form تىزىملىكىنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىڭ:

```
<form method="post" action="add.asp" name="form1"
onsubmit="JavaScript: return check_Null();">
```

بۇ يەردىكى Onsubmit ---- ئابونت ئۇچۇرنى تولدۇرۇپ تاپشۇرغاندا ئاۋۋال check_Null فونكسىيىسى ئىجرا بولىدىغانلىقىنى ئەگەر check_Null دىن True قىممەت قايتسا تاپشۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۇنداق بولمىسا تاپشۇرۇلمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

JavaScript فونكسىيىسىنىڭ يېزىلىشىغا قاراڭ :

```
<Script Language="JavaScript">
<!--
Function check_Null(){
    If (document.form1.title.value==""){
        alert(" ! سۆز تېمىسىنى كىرگۈزمىسىڭىز بولمايدۇ");
        return false;
    }
    If (document.form1.name.value==""){
        alert("! ئىسمىڭىزنى كىرگۈزمىسىڭىز بولمايدۇ");
        return false;
    }
    return true;
}
// -->
</Script>
```

ئەگەردە قالدۇرۇلىدىغان سۆزنىڭ مەزمۇنى ۋە سۆز قالدۇرغۇچى ئىسمى يېزىلمىغان بولسا ئۇ ھالدا ئەسكەرتىش ئۇچۇرى كۆرسىتىلىدۇ. بۇ فونكسىينىڭ يېزىلىشىنى ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىڭ .

⑤ باش بەتتە سۆزقالدۇرغۇچى ئىسمىنى تاق چەككەندە سۆز قالدۇرۇلغۇچىغا خەت ئەۋەتكىلى بولىدۇ.بۇنىڭ ئۇچۇن تۆۋەندىكى جۈملە ئىشلىتىلدى.

```
<a href="mailto:<%=rs("email")%>"><%=rs("name")%>
```

*بۇ پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇشى ئۈچۈن ئابونت كۆزەتكۈچىسىنىڭ نەشرى IE5.5 دىن يۇقىرى بولۇش لازىم .*

(3) سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش ھۆججىتى --- odbc_connection.asp

```
<%
Dim db,ConnStr
ConnStr="Dbq="&Server.Mappath("guest.mdb")&";Driver={Microsoft Access Driver (*.mdb)}"
Set db=Server.CreateObject("ADODB.Connection")
db.Open ConnStr
%>
```

چۈشەندۈرۈش : بۇ ھۆججەتنىڭ پەقەت سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاپ بىرىش ئىقتدارى بار. بۇ ھۆججەت باشقا ھۆججەتلەرگە #Includeجۈملىسى ئارقىلىق قىستۇرىلىدۇ، بىر قەدەر ئاددىي، تېخمۇ مۇھىمى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش جۈملىسىنى تۈزىتىشكە توغرا كەلگەندە پەقەت مۇشۇ ھۆججەتنى تۈزىتىۋەتسەكلا بولىدۇ.

پروگراما تۈزۈش جەريانىدا كۆپىچىلىك بۇ ھۆججەتتىن ئۇلگە ئېلىپ دائىم ئىشلىتىلىدىغان بەزى مەزمۇنلارنى ئايرىم بىر ھۆججەتكە يېزىپ باشقا ھۆججەتلەرگە #Includeجۈملىسىدىن پايدىلىنىپ قىستۇرۇپ ئىشلەتسە خېلىلا قولايلىق بولىدۇ.

(4) بەتنىڭ شەكلىنى كونترول قىلىش ھۆججىتى --- guest_style.css

بۇ ھۆججەت باشقا ھۆججەتلەرگە قىستۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ھۆججەت ئارقىلىق باشقا ھۆججەتلەرنىڭ خەت شەكلى، چوڭلىقى، رەڭگى قاتارلىق خاسلىقلىرىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ. خاسلىق بەلگىلەشكە كىتىدىغان ۋاقىت، زېھنى كۆپچىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

```
a {font: 12px "宋体", "新宋体"; color: #6633FF; text-decoration: none}
a:hover {color: #FF0033; text-decoration: underline}
td { font: 12px "宋体", "新宋体"; color:#000033}
```

چۈشەندۈرۈش : بۇ بىر ئەڭ ئاددىي css ھۆججىتى . ئۇنىڭدا ۋە جەدۋەل ئىچىدىكى خەتنىڭ رەڭگى شەكلىنى بەلگىلەشكىلا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ مۇرەككەپ cssھۆججەتلىرى بار، cssگە دائىر مەخسۇس كىتابلارنى كۆرۈپ بېقىڭ. cssھۆججەتتىن پايدىلىنىپ بەت شەكلىنى تۈزىتىش ، كونترول قىلىش ئوڭاي ، لېكىن بۇ ھۆججەتنى ئىشلەتمەيمۇ بەتنىڭ شەكلىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ.

(5) قالدۇرۇلغان سۆزلەرنى ساقلاش ھۆججىتى --- add.asp

باش بەتتە قالدۇرۇلماقچى بولغان سۆز كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن提交 (تاپشۇرۇش) كۇنۇپكىسىنى باسقاندا add.asp ھۆججەتكە يوللىنىدۇ. add.aspھۆججىتى قوبۇل قىلىپ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلايدۇ، ئاندىن يەنە قايتا باش بەت ئېچىلىدۇ. بۇ مىسالدا ئاچقۇچلۇق بولغىنى Insertجۈملىسىنىڭ بىرىكىپ ھاسىل بولۇشىنى مۆلاھىزە قىلىش

```
<% option explicit%>
<%Response.Buffer=True%>
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
  <%
  Dim title,body,name,email                    ' ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار ئېنىقلىنىدۇ
  title=Request.Form("title")                  ' سۆزتېمىسى قايتۇرۇلىدۇ
  body=Request.Form("body")                    ' سۆز مەزمۇنى قايتۇرۇلىدۇ
  name=Request.Form("name")                    ' سۆزقالدۇرغۇچى ئىسمى قايتۇرۇلىدۇ
  email=Request.Form("email")                  ' سۆزقالدۇرغۇچى email ئادرېسى قايتۇرۇلىدۇ
  Dim Sql,sValues
  Sql = "Insert Into guest(name"
  sValues = "Values('" & name & "'"
  Sql = Sql & ",title"
  sValues = sValues & ",'" & title & "'"
  If body<>"" Then                             ' ئەگەر مەزمۇن قۇرۇق بولمىسا
     Sql = Sql & ",body"
     sValues = sValues & ",'" & body & "'"
  End If
  If email<>"" Then                            ' ئەگەر email قۇرۇق بولمىسا
     Sql = Sql & ",email"
     sValues = sValues & ",'" & email & "'"
  End If
Sql = Sql & ",submit_date"        ' سىستېمىنىڭ شۇچاغدىكى ۋاقتى سۆزقالدۇرۇلغان ۋاقىت قىلىنىدۇ
sValues = sValues & ",'" & date & "'"
Sql = Sql & ") " & sValues & ")"
db.Execute(Sql)                               ' خاتىرە قوشۇلىدۇ
db.Close                                      ' connectionئوبيېكتى تاقىلىدۇ
Response.Redirect "index.asp"                 ' باش بەتكە قايتىدۇ
  %>
```




چۈشەندۈرۈش : بۇ پروگراممىنى چۈشىنىش تەسراق ، ئەمەلىيەتتە ئاخىرىدا بىر دانە Insertجۈملىسى شەكىللىنىدۇ ،چۈنكى مەزمۇن بىلەن emailنى چوقۇم كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنمايدۇ. شۇڭا سەل مۇرەككەپ ، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇلاھىزە يۈرگۈزۈڭ.

(6) قالدۇرۇلغان سۆزنى ئۆچۈرۈش ھۆججىتى --- delete.asp

باش بەتتە删除 (ئۆچۈرۈش) نى تاق چەككەندە مەخپىي نومۇر (12345) كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ ، توغرا كىرگۈزگەندە ئاندىن قالدۇرۇلغان سۆز ئۆچۈرۈلۈپ يەنە قايتا باش بەت ئېچىلىدۇ.

```
<% option explicit%>
<%Response.Buffer=True%>
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
<html>
<head>
   <title>سۆزقالدۇرۇش دوسكىسى</title>
</head>
<body>
   <form method="post" action="" name="form1">
        <p align="center"> مەخپىي نومۇرنى كىرگۈزۈڭ:
        <input type="password" name="password">
        <input type="submit" value="  جەزىملەشتۈرۈش  ">
   </form>
   <%
   If Request("password")="12345" Then      ' ئەگەر مەخپىي نومۇر12345بولسا ئۆچۈرۈلىدۇ
Dim sql,guest_id
   '  ئۆچۈرۈلمەكچى بولغان خاتىرە رەت نومۇرى قوبۇل قىلىنىدۇ
guest_id=Request.QueryString("guest_id")
        sql="Delete From guest Where guest_id =" & guest_id
        db.Execute(sql)                ' خاتىرە  ئۆچۈرۈلىدۇ
        db.Close                       ' ئوبيېكت تاقىلىدۇ
        Response.Redirect   "index.asp"            '  باش بەتكە قايتىدۇ
   ElseIf Request("password")<>"" Then         '  ئەگەر مەخپىي نومۇر خاتا بولسا
        Response.Write "  !  مەخپىي نومۇر خاتا ، قايتا كىرگۈزۈڭ   "
   End If        %>
   </body>
</html>
```

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 3ـ12. رەسىمدىكىدەك.




3ـ12. رەسىم : قالدۇرۇلغان سۆزنى ئۆچۈرۈش



چۈشەندۈرۈش : بۇ يەردە مەخپىي نومۇر 12345 بولۇپ، ئۇ تۇراقلىق مەخپىي نومۇردىن ئىبارەت ، تۈزۈتۈشكە توغرا كەلگەندە ئەسلى پروگراممىنى ئېچىپ تۈزىتىش لازىم، مەخپىي نومۇرنى ساندان ئامبىرىدىكى جەدۋەلگە ساقلاشقىمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇنداقتا سەل مۇرەككەپلىشىپ قالىدۇ، تېخىمۇ ياخشى بولۇش ئۈچۈن مەخسۇس بىر باشقۇرۇش بېتى تۈزۈش كېرەك.

## 2ـ12. پاراڭلىشىش پروگراممىسى

پاراڭلىشىش سىستېمىسى توردا كۆپ ئۇچرايدۇ،نۇرغۇن كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ، قىززىقتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە پاراڭلىشىش سىستېمىسى يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇش،يىراق مۇساپىلىق داۋالاش ۋە تور يىغىن سىستېمىلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىدۇ .

توردىكى پاراڭلىشىش سىستېمىلىرىنىڭ شەكلى ھەرخىل بولىدۇ،ئاۋازلىق پاراڭلىشىش سىستېمىسىنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىدى،كەڭ بەلۋاغلىق تورنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ سۈرەتلىك پاراڭلىشىش سىستېمىلىرىمۇ بارلىققا كەلدى ، بىراق بىز بۇيەردە يەنىلا خەت بىلەن پاراڭلىشىدىغان پروگراما تۈزۈشنى چۈشەندۈرىمىز .

### 1ـ2ـ12. پاراڭلىشىش پروگراممىسىنى لايىھىلەش

توردىكى پاراڭلىشىش پروگراممىلىرىغا قارايدىغان بولساق ئىنتايىن مۇرەككەپ ، ئادەتتە ئومۇمنىڭ سۆھبىتى ، مەخپىي سۆھبەت ، سۆھبەتلىشىۋاتقانلار تىزىملىكى ۋە سانىنى كۆرسىتىش ، ھەرخىل كەيپىيات ئىپادىسى، ئايرىم پاراڭلىشىش خانىسى قاتارلىق ئىقتىدارلارغا ئىگە . كىتابىمىزنىڭ سەھىپىسى چەكلىك بولغانلىقتىن پاراڭلىشىش سىستېمىسىنىڭ ئاساسلىق ئىقتىدارىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان جۈملىلەرنىلا چۈشەندۈرىمىز .

بۇ يەردە ئەڭ ئاددىي پاراڭلىشىش پروگراممىسىدىن بىرنى تۈزىمىز . ئومۇمنىڭ سۆھبىتى ، رەڭ تاللاش، كەيپىيات ئىپادىسى تاللاش قاتارلىق ئىقتىدارلار ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

بۇ مىسالدا ئاساسلىقى Application ئوبيېكتى بىلەن Session ئوبيېكتى ئىشلىتىلىدۇ ، ئاساسلىق جۈملىلەرنى پىششىق بىلىۋالغاندىن كېيىن كىتابىمىزنىڭ ئاخىردىكى ئىلاۋىدە تەۋسىيە قىلىنغان تور بېكەتلەردىن ھەقسىز پاراڭلىشىش پروگراممىسىنى چۈشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ چۈشىنىۋېلىڭ .

# 12-2-2. پاراڭلىشىش پروگراممىسىنى تۈزۈش



پاراڭلىشىش پروگراممىسى ئەسلى كودى كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئوپتىك دىسكىسىدا \asptemp\chapter12\CHAT نىڭ ئىچىدە جەمئىي بەش دانە ھۆججەت .

index.asp --- پاراڭلىشىش پروگراممىسىنىڭ باش بېتى

chat.asp --- پاراڭلىشىش پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي رامكا ھۆججىتى

input.asp --- پاراڭ مەزمۇنى كىرگۈزىلىدىغان ھۆججەت

mian.asp --- پاراڭ مەزمۇنى كۆرسىتىلىدىغان ھۆججەت

exit.asp --- پاراڭلىشىش پروگراممىسىدىن چېكىنىش ھۆججىتى

تۆۋەندە تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرىمىز :


(1) پاراڭلىشىش پروگراممىسىنىڭ باش بېتى --- index.asp

باش بەتتە پاراڭلىشىشقا قاتناشقانلارنىڭ سانى كۆرسىتىلىدۇ ھەمدە ئابونت ئىسمىنى كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ پروگراممىدا JavaScript جۈملىسى بىلەن application ئوبيېكتىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىش كېرەك.

```
<html>
<html dir="rtl">
<meta http-equiv="Content-Type" content="text/html; charset=utf-8">
<head>
    <title>پاراڭلىشىش پروگراممىسى</title>
    <Script Language="JavaScript">
    <!--
    function check_Null(){
        if (document.form1.user_name.value==""){
            alert("ئىسمىڭىزنى كىرگۈزمىسىڭىز بولمايدۇ");
            return false;
        }
        return true;
    }
    // -->
    </Script>
</head>
<body ><font face="UKIJ Esliye">
    <h2 align="center">پاراڭلىشىش پروگراممىسى</h2>
    <center>
```

```
ھازىرقى پاراڭلىشىۋاتقان ئادەم سانى<%=Application("user_online")%><p>
    <form method="post" action="chat.asp" name="form1"
onsubmit="JavaScript: return check_Null();">
    ئىسمىڭىزنى كىرگۈزۈڭ  <input type="text" name="user_name" size="10">
    <input type="submit" value="  كىرىش  ">
    </form>
    </center>
</body>
</html>
```

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 4ـ12. رەسىمدىكىدەك.



چۈشەندۈرۈش : بۇ يەردە پاراڭلىشىۋاتقانلار سانىنى Application("user_online")خاتىرىلەشتە ئىشلىتىلدى.




4ـ12. رەسىم : پاراڭلىشىش پروگراممىسىنىڭ باش بېتى

(2) ئاساسىي رامكىلىق ھۆججەت --- chat.asp

بۇ ھۆججەت ئاستى ـ ئۈستى ئىككى بۆلەك رامكىغا بۆلۈنىدۇ، ئاستىدا ئەۋەتمەكچى بولغان خەت كىرگۈزۈلىدۇ، ئۈستىدە ئەۋەتىلگەن خەتلەر كۆرسىتىلىدۇ. بۇ ھۆججەت ئاساسىي رامكا ھۆججىتى، لېكىن بۇ ھۆججەتتە پاراڭلاشقۇچىلارنىڭ ئۇچۇرى Applicationگە ساقلىنىدۇ، يېڭىدىن كىرگەنلەر ۋە چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۇچۇرى كۆرسىتىلىدۇ.

```
<html>
```

```
<meta http-equiv="Content-Type" content="text/html; charset=utf-8">
<head>
   <title>ئاددىي پاراڭلىشىش پروگراممىسى</title>
</head><font face="UKIJ Esliye">
   <%          ' ئابونت نامى Session دە ساقلىنىدۇ
   Session("user_name")=Request("user_name")
     Dim ip
   ip=Request.ServerVariables("Remote_Addr")
   If Session("user_name")="" Then
     Session("user_name")=ip
   End If
   'تۆۋەندىكى بىرقانچە قۇرجۈملە پاراڭلاشقۇچىلار ئۇچۇرىنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلدى
   Dim sayStr
       'پاراڭلاشقۇچى IP ئادرېسى قوشۇپ كۆرسىتىلىدۇ
sayStr=" Marhaba ! " & Request.ServerVariables("Remote_Addr")& " Karxi
alimiz ! "
sayStr=sayStr & "<b>" & Session("user_name") & "</b>"        'پاراڭلاشقۇچى ئىسمى
   ' كىرگەن چاغدىكى ۋاقىت قوشۇپ كۆرسىتىلىدۇ
sayStr= " [    "&Time & "]"    & sayStr & "Hux kulip siz !" & "Salam ! "
sayStr="<font color='red'>" & sayStr & "</font>"         'قىزىل رەڭدە كۆرسىتىلىدۇ
       'تۆۋەندىكى بىرقانچە قۇرجۈملە بىلەن پاراڭلاشقۇچىلار ئۇچۇرى Application گە ساقلىنىدۇ
Application.Lock                  'ئاۋۋال قۇلۇپلىنىدۇ
 ' پاراڭ مەزمۇنى قايتۇرۇلىدۇ
Application("show")= sayStr & "<br>" & Application("show")
       'پاراڭلىشىۋاتقانلار سانىغا يەنە 1 سان قوشۇلىدۇ
Application("user_online")=Application("user_online")+1
    Application.Unlock                     'قۇلۇپ ئېچىلىدۇ
   %>
   <frameset rows="*,14%">
       <frame name="main" src="main.asp" >
       <frame name="input" src="input.asp">
       <noframes>
           <body scroll="no">
              <p>此网页使用了框架，但您的浏览器不支持框架。</p>
           </body>
       </noframes>
```

```
</frameset></html>
```



چۈشەندۈرۈش : مەزكۇر پروگراممىدىكى ئەڭ ئاددىي بىر رامكىلىق ھۆججەت ، بىراق بەزى ASPجۈمللىرى ئىشلىتىلدى ، ئاساسلىق مەقسەت : پاراڭلىشىۋاتقان ئۈچ ئورنى ساقلاپ كۆرسىتىش ھەم پاراڭلىشىۋاتقانلار سانىغا بىر سان قوشۇش.

(2) پاراڭ مەزمۇننى كىرگۈزۈش ھۆججىتى --- input.asp

بۇ ئەڭ ئاساسلىق ھۆججەت بولۇپ يوللايدىغان سۆزنى كىرگۈزۈشكە ھەم رەڭ تاللاشقا،كەيپيات ئىپادىسى تاللاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ پروگراممىدا تىزىملىك ئېلېمېنتلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ۋە ئەۋەتىلگەن سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك .

```
<html>
<html dir="rtl">
<meta http-equiv="Content-Type" content="text/html; charset=utf-8">
<head>
   <title>پاراڭ يوللاش ھۆججىتى</title>
</head><font face="UKIJ Esliye">
<body bgcolor="#FFFFCC" topmargin="0" leftmargin="0"
onload="document.form1.say.focus();">
   <form method="post"    action="" name="form1">
         ئەۋەتمەكچى بولغان سۆزنى كىرگۈزۈڭ:
<input type="text" name="say" dir="ltr" size=65 >
<input type="submit" value="ئەۋەتىش" >
<br>
         رەڭ:
<select name="mycolor" style="font-size:12px">
<% If Request("mycolor")="#000000" Then %>
   <option value="#000000" style="color:#000000" selected>قارا</option>
<% Else %>
   <option value="#000000" style="color:#000000" >قارا</option>
<% End If %>
   <% If Request("mycolor")="#FF0000" Then %>
   <option value="#FF0000" style="color:#FF0000" selected>قىزىل</option>
   <% Else %>
```

```
    <option value="#FF0000" style="color:#FF0000" >قىزىل</option>
    <% End If %>
    <% If Request("mycolor")="#FFFF00" Then %>
    <option value="#FFFF00" style="color:#FFFF00" selected>سېرىق</option>
    <% Else %>
    <option value="#FFFF00" style="color:#FFFF00" >سېرىق</option>
    <% End If %>
    <% If Request("mycolor")="#3333FF" Then %>
    <option value="#3333FF" style="color:#3333FF" selected>كۆك</option>
<% Else %>
    <option value="#3333FF" style="color:#3333FF" >كۆك</option>
<% End If %>
</select>
    كەيپىيات :
        <select name="myemote" style="font-size:12px">
            <option value="yok" selected>يوق
            <option value="كۈلۈمسىرەپ">كۈلۈمسىرەپ
            <option value="غەمكىن قىياپەتتە">غەمكىن قىياپەتتە
            <option value="يىغلاپ">يىغلاپ
            <option value="ئاچچىقلىنىپ">ئاچچىقلىنىپ
            <option value="خاپا بولۇپ">خاپا بولۇپ
            <option value="مولايىملىق بىلەن">مولايىملىق بىلەن
            <option value="ھاكاۋۇرلۇق بىلەن">ھاكاۋۇرلۇق بىلەن
            <option value="ھەيران بولۇپ">ھەيران بولۇپ
        </select>
             
        <a href="exit.asp" target="_top">چېكىنىش  </a>
    </form>
    <%
    IF Request("say")<>"" Then
        'ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىش
        Dim say,mycolor,myemote,user_name           'ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار ئېنىقلىنىدۇ
        user_name=Session("user_name")              'پاراڭلاشقۇچى ئىسمى قايتۇرۇلىدۇ
        say=Server.HtmlEncode(Request("say"))       'ئەۋەتكەن سۆزقايتۇرۇلىدۇ
        mycolor=Request("mycolor")                  'ئەۋەتكەن سۆزرەڭگى قايتۇرۇلىدۇ
        myemote=Request("myemote")                  'كەيپىيات ئىپادىسى قايتۇرۇلىدۇ
```

```
        If myemote="yok" Then
            myemote=""
        End If
                'ئۆلنىپ پۈتۈنلىندۇ
        Dim sayStr
        sayStr="<small>" & user_name & myemote & "Mundak Didi ：
</small>"
sayStr=sayStr & "<font color='" & mycolor & "'>" & say & "</font>" & " [" &
Time & "]"
        'تۆۋەندىكى بىرقانچە قۇرجۇملە بىلەن ئۇچۇرلار Applicationگە ساقلىنىدۇ
        Application.Lock                          'ئاۋۋال قۇلۇپلىنىدۇ
        Application("show")= sayStr & "<br>" & Application("show")
'  ئەگەر يوللانغان ھەرپ سانى 10000 دانىدىن ئېشىپ كەتسە ئېشىپ كەتكەن قىسمى قالدۇرۋېتىلىدۇ
              If Len(Application("show"))>10000 Then
            Application("show")=Mid(Application("show"),1,10000)
        End If
        Application.Unlock        'قۇلۇپ ئېچىلىدۇ
    End If
    %>
</body>
</html>
```

---



چۈشەندۈرۈش :

①ئەۋەتىلىدىغان مەزمۇن يېزىق رامكىسىغا كىرگۈزۈلۈپ 发送 (ئەۋەتىش )كونۇپكىسى بېسىلغاندىن كېيىن دەرھال پروگراممىنىڭ ئاستىنقى بۆلىكى ئىجرا بولۇپ ، يوللانغان مەزمۇن ۋە ئالاقىدار ئۇچۇرلار application گە ساقلىنىدۇ.

②ئاۋۋال تۆۋەندىكى جۈملىگە قاراڭ :

```
<body bgcolor="#FFFFCC" topmargin="0" leftmargin="0"
onload="document.form1.say.focus();">
```

بۇنىڭ ئىچىدىكى onload="document.form1.say.focus();"> بولسا بەت ھەرقېتىم يېڭىلانغاندا نۇر بەلگە ئاپتوماتىك ھالدا تىزىملىكتىكى سۆز ئەۋەتىش يېزىق رامكىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

③قاراڭ :

```
<% If Request("mycolor")="#000000" Then %>
<option value="#000000" style="color:#000000" selected>قارا</option>
<% Else %>
```

```
    <option value="#000000" style="color:#000000" >قارا</option>
    <% End If %>
```

مۇنداق يېزىشتىكى ئاساسلىق مەقسەت : پاراڭلاشقۇچى بىر خىل رەڭ تاللاپ قويۇپ كېيىن قايتا تاللىمىغىچە ئۇدا مۇشۇ خىل رەڭ ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ، چۈنكى ھەر قېتىم سۆز يوللىغاندا بەت پۈتۈنلەي يېڭىلىنىدۇ،ئەگەر مۇنداق يازمىغاندا تاللاپ قويۇلغان رەڭ ھالىتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ .

④ئەۋەتىلگەن سۆزنى قايتۇرۇشتا Serverئوبيېكتىنىڭ HTMLencode ئۇسۇلى ئىشلىتىلدى . ئەگەر مۇنداق قىلمىساق بەزى پاراڭلاشقۇچىلار سۆز ئەۋەتىش يېزىق رامكىسىغا HTMLجۈمللىرىنى كىرگۈزۈپ باشقىلارنىڭ پاراڭلىشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ.

⑤ئەۋەتىلدىغان سۆزنىڭ يېزىلىشىغا دىققەت قىلىڭ .applicationئوبيېكتىدا ساقلانغان ھەرپ- بەلگىلەر سانى 10000 دانىدىن ئېشىپ كەتكەندە ئالدىنقى 10000 دانە ھەرپ- بەلگە ئۈزۈپ ئېلىنىدۇ، قالغىنى چىقىرىۋېتىلىدۇ.

(4)پاراڭ مەزمۇنىنى كۆرسىتىش ھۆججىتى --- main.asp

بۇ ھۆججەت ناھايىتى ئاددىي ، application ئوبيېكتىدا ساقلانغان ئۇچۇرلار چىقىرىپ بېرىلىدۇ. بەت ھەر بەش سېكونتتا بىر قېتىم يېڭىلىنىدۇ.

```
<html>
<meta http-equiv="Content-Type" content="text/html; charset=utf-8">
<head>
      <title> يوللانغان پاراڭ مەزمۇنى </title>
<meta http-equiv="refresh" content="5">
</head>
<body>
<font face="UKIJ Esliye">
   <%
   Response.Write Application("show")              'پاراڭ مەزمۇنىنى كۆرسىتىش
   %>
</body>
</html>
```




چۈشەندۈرۈش :

بۇ پروگراممىدا پاراڭلاشقۇچىلار يوللىغان مەزمۇن كۆرسىتىلىدۇ. ئىنتايىن ئاددىي ، لېكىن

```
<meta http-equiv="refresh" content="5">
```

جۈملىسىگە دىققەت قىلىڭ ، بۇجۈملە بەتنىڭ ھەر 5 سېكونتتا بىر قېتىم يېڭىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى بەت توختىماي يېڭىلىنىپ تۇرمىسا يېڭىدىن يوللانغان مەزمۇنلارنى كۆرسەتكىلى بولمايدۇ .

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 5-12. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ.




5ـ12. رەسىم :←

پاراڭلىشىش پروگراممىسىنىڭ ئاساسىي كۆرۈنۈشى

(5) پاراڭلىشىش پروگراممىسىدىن چېكىنىش ھۆججىتى --- Exit.asp

12ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەن离开聊天室 (پاراڭلىشىش پروگراممىسىدىن ئايرىش) نى تاق چەككەندە بۇ ھۆججەت ئىچىلىدۇ. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەقسەت پاراڭلىشىۋاتقانلار سانىدىن بىر سان كېمەيتىش، ئاندىن باش بەتكە قايتىش.

---

<meta http-equiv="Content-Type" content="text/html; charset=utf-8">

<%

'تۆۋەندىكى بىرقانچە قۇرجۈملە بىلەن ئابونت پاراڭلىشىش پروگراممىسىن ئايرىلغان چاغدىكى ئۇچۇرلار قايتۇرۇلىدۇ

Dim sayStr

'پاراڭلاشقۇچى IP ئادرېسى ئەسكەرتىلىدۇ

sayStr="Askatrix !!! " & Request.ServerVariables("Remote_Addr")& "  Din kirgan "

' پاراڭلاشقۇچى ئىسمى قوشۇپ كۆرسىتىلىدۇ

sayStr=sayStr & "<b>" & Session("user_name") & "</b>"

' چىقىپ كەتكەن ۋاقىت قوشۇپ كۆرسىتىلىدۇ

sayStr=sayStr &  "Qikip Katti ..." & "["  & Time  &"]"

sayStr="<font color='red'>" & sayStr & "</font>"   'قىزىل رەڭدە كۆرسىتىلىدۇ

' تۆۋەندىكى بىرقانچە قۇرجۈملە بىلەن پاراڭلاشقۇچىلار ئۇچۇرى Application دە ساقلىنىدۇ

Application.Lock   'ئاۋۋال قۇلۇپلىنىدۇ

Application("show")= sayStr & "<br>" & Application("show")

' پاراڭلىشىۋاتقانلار ئومۇمىي سانىدىن بىر سان كېمىيىدۇ

Application("user_online")=Application("user_online")-1

```
Application.Unlock                'قۇلۇپ ئېچىلىدۇ
Response.Redirect "index.asp"     'باش بەتكە قايتىدۇ
%>
```

## 12ـ 3. مۇنازىرە مۇنبىرى (BBS)

BBS ئېلېكترونلۇق ئېلان تاختىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ،BBS بىلەن E_mail تور دا ئەڭ بالدۇر ئومۇملاشقان،BBS كۆپچىلىكنى بوشلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ . كۆپچىلىك ئۆزى يولۇققان مەسىلىلەرنى،كۆز قاراشلىرىنى يوللاپ مۇنازىرە قىلسا بولىدۇ .

مۇنازىرە مۇنبىرى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىشلا قالماستىن يەنە يىراق مۇساپىلىق ئوقۇتۇش،يىراق مۇساپىلىق داۋالاشتىمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

كۆپ ۋاستىلىق تور تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن BBS نىڭ شەكلى تېخىمۇ ياخشىلاندى، ئىشلىتىش تېخىمۇ ئاددىيلاشتى.

كۆپچىلىكنىڭ توردا مۇنازىرلىشىدىغان سورۇنى تېخىمۇ كۆركەملەشتى .

## 12ـ3ـ1. BBS مۇنبىرى لايىھىلەش

توردىكى BBS لەر خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ، ئادەتتە مۇنبەرگە مۇنازىرە تېمىسى يوللاشقا ۋە يوللانغان تېمىغا ئىنكاس تېمىسى يوللاشقا ، ئاچقۇچلۇق خەتكە،ئاپتور نامىغائاساسەن ئاختۇرۇشقاھەربىر كىشىنىڭ يوللانمىلىرىنى سىستىستىكا قىلىشقا بولىدۇ .

لېكىن بۇيەردە ئاددىيراق بىر مىسال كۆرسىتىمىز ،چۈنكى مۇكەممەل بىرBBS نى چۈشەندۈرەيلى دېسەك،كىتابىمىزنىڭ سەھىپىسى يېتىشمەيدۇ .


بىز تۈزمەكچى بولغان BBS نىڭ ئىقتىدارلىرى : تېما يوللاش ، يوللانغان تېمىغا ئىنكاس تېمىسى يوللاش ، كۆرۈلۈش قېتىم سانىنى ستاستىكا قىلىش .

سىزبۇيەردە ئاساسلىقىBBS نىڭ لايىھىلىنىشىنى مۇلاھىزە قىلىڭ .

BBS لايىھىلەشتە ئاساسلىقى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇچۇر ساقلاش ـئوقۇش بىرىكمىسى ئىشلىتىلىدۇ ، بارلىق يوللانمىلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلىنىلىدۇ ، بۇنداقتا ئىزدەشكە ، ستاستىكا قىلىشقا ئاسان بولىدۇ.

كۆپچىلىكتىن BBS نىڭ لايىھىلىنىشىنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەن بىرگە يەنە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ئۇچۇرلارنى بەتلەرگە بۇلۇپ كۆرسىتىش تېخنىكىسىنى تەكرار مۇلاھىزە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز .

## 12ـ3ـ2. مۇنازىرە مۇنبىرىنىڭ ئىقتىدارلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش



چۈشەندۈرۈش : مۇنازىرە مۇنبىرگە ئالاقىدار بارلىق پروگرامما ئەسلى كودى كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئۈيتىك دىسكىسىدا asptemp\chapter12\bbs\ نىڭ ئىچىدە ساقلانغان جەمئى سەككىز دانە ھۆججەت ، ئايرىم – ئايرىم ھالدا :

BBS.mdb---- سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتى ، يوللانمىلارنى ساقلاشتا ئىشلىتىلىدۇ .

Index.asp ----- باش بەت ، بۇ بەتتە ماقالىلار تىمىسى بەتلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىلىدۇ .

odbc_connection.asp ---- سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش ھۆججىتى .

function.asp ------ مەخسۇس تارماق پروگراما ساقلىنىدىغان ھۆججەت .

count_hits.asp ------ چېكىش قېتىم سانىنى ھسابلاش ھۆججىتى .

particular.asp ماقالىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى كۆرسىتىش ھۆججىتى .

announce. asp ----- يېڭى ماقالەيوللاش ھۆججىتى .

re_announce.asp ------- ئىنكاس ماقالىسى يوللاش ھۆججىتى .

تۆۋەندە تەرتىپ بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرىمىز :

(1) سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتى --- Bbs.mdb

ئۇچۇرلارنى ساقلاشتا ئاۋۋال سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇش كېرەك،Accessدىن پايدىلىنىپ bbs.mdb نامىلىق بىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇيمىز،ئامبار ئىچىدە BBS نامىلىق بىرلا سانلىق مەلۇمات جەدۋىلى قۇرۇلىدۇ ، بۇ جەدۋەلنىڭ تۈزۈلۈشى 12ـ 6. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك:

bbs : 表

| 字段名称 | 数据类型 | 说明 |
|---|---|---|
| bbs_id | 自动编号 | 文章编号 |
| title | 文本 | 文章标题（字段大小100） |
| body | 备注 | 文章内容 |
| layer | 数字 | 层数 |
| parent_id | 数字 | 父文章编号 |
| child | 数字 | 回复文章数目 |
| hits | 数字 | 点击次数 |
| ip | 文本 | 作者IP（字段大小15） |
| user_name | 文本 | 作者昵称（字段大小20） |
| submit_date | 日期/时间 | 发表时间 |

12ـ 6. رەسىم : bbs سانلىق مەلۇمات جەدۋەلنىڭ تۈزۈلىشى

بۇ مۇنازىرە مۇنبىرىدە پەقەت ئىككىلا قەۋەت بار، بىرى يېڭى ماقالە ، يەنە بىرى ئىنكاس ماقالىسى . دىمەك ؛ ئىنكاس بىر قەۋەت ، بۇنىڭ ئىچىدە layer خەت بۆلىكى قانچىنچى قەۋەتلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

Parent_id ئىنكاس ماقالىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلى ماقالىنىڭ رەت نومۇرىنى ئىپادىلەيدۇ .

ئىنكاس ماقالىسى يوللاشتا ، ئەسلى ماقالە بىلەن ئىنكاس ماقالىلىرىنى كۆرسىتىشتە ، ئەسلى ماقالە بىلەن ئىنكاس ماقالىسى ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ،بۇنىڭ ئۈچۈن layer خەت بۆلىكى ۋە parent_id خەت بۆلىكى ئىشلىتىلىدۇ ، ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلسىڭىز چۈشىنىشلىك .

(2) BBS نىڭ باش بېتى --- index.asp

باش بەتتە سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى ماقالىلەرنىڭ تىمىسى كۆرسىتىلىدۇ ، تىمىنى چەككەندە ماقالىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنى كۆرسىتىلىدىغان بەتكە ئۆتىدۇ .

بۇيەردە سىز بەتلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش ئۇسۇلىغا ، يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان فۇنكسىيەلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭ .

```
<% option explicit%>
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
<!--#Include file="function.asp"-->
```

```
<html>
<head>
<title> مۇنازىرە مۇنبىرى</title>
</head>
<body>
<h2 align="center">مۇنازىرە مۇنبىرى  </h2>
<center>
<table border="0" bordercolor="#8800FF" width="90%" cellspacing="5">
        <tr bgcolor="#CCFFFF" align="center">
            <td width="7%">رەت</td>
            <td width="43%">تېما</td>
            <td width="8%">ئىنكاس</td>
            <td width="8%"> كۆرۈلۈش قېتىم سانى</td>
            <td width="8%"> ئەۋەتكۈچى</td>
            <td width="26%"> يوللانغان ۋاقىت</td>
        </tr>
        <%
        Dim sql,rs
        ' سانلىق مەلۇماتلار بەتلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن recordsetئوبيېكتى قۇرۇيمىز
sql="Select * From bbs Where layer=1 Order By submit_date desc"
Set rs=Server.CreateObject("ADODB.Recordset")
rs.Open sql,db,1    ' recordsetئوبيېكتى قۇرۇش ئۇسۇلىغا ، پارامېتىرلىرىنىڭ بەلگىلىنىشىگە دىققەت قىلىڭ
        If Not rs.Bof And Not rs.Eof Then
    ' سانلىق مەلۇماتلارنى بەتلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنى ئېنىقلايمىز
Dim page_size           'ھەربىربەتتە قانچە خاتىرە كۆرسىتىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزگەرگۈچى مىقدار
Dim page_no             'نۆۋەتتىكى بەتنىڭ قانچىنچى بەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزگەرگۈچى مىقدار
Dim page_total                'ئومۇمىي بەت سانىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزگەرگۈچى مىقدار
page_size=10                'ھەربىربەتتە 10 دانە خاتىرە كۆرسىتىلىدۇ
    ' ئەگەر تۇنجى قېتىم ئېچىلغان بولسا قىممىتى 1بولىدۇ ، ئۇنداق بولمىسا يەتكۈزۈلگەن پارامېتىر بويىچە بەلگىلىنىدۇ
If Request("page_no")="" Then
page_no=1
Else
'         Cintبىلەن ھەرپ- بەلگە سانلىق قىممەتكە ئايلاندۇرۇلىدۇ
page_no=cint(Request("page_no"))
End If
' page_noقىممىتى Session بىلەن ساقلىنىپ باشقا بەتلەرئېچىلغاندا ئىشلىتىلىدۇ
```

```
Session("page_no")=page_no
rs.PageSize=page_size      'ھەربىربەتتە قانچە خاتىرە كۆرسىتىلىدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ
page_total=rs.PageCount              'ئومۇمىي بەت سانى قايتۇرۇلىدۇ
rs.AbsolutePage=page_no        'نۆۋەتتىكى بەتنىڭ قانچىنچى بەت ئىكەنلىكى بەلگىلىنىدۇ
            'تۆۋەندىكى جۈملىلەر بىلەن نۆۋەتتىكى بەتتە بارلىق خاتىرىلەرتولۇق كۆرسىتىلىدۇ
            Dim I,J
            I=0                              'بۇئۆزگەرگۈچى مىقدار رەت نومۇرىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ
'بۇ ئۆزگەرگۈچى مىقدارنۆۋەتتىكى بەتتە كۆرسىتىشكەتېگىشلىك خاتىرىلەرنى تولۇق كۆرستىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ
J=page_size
'خاتىرە ئىستىرلىكىسى خاتىرىلەر توپلىمىنىڭ ئاخىرىغاكەلمىگىچە دەۋرىيلىنىدۇ
Do While Not rs.Eof And J>0
I=I+1
J=J-1
        %>
                <tr bgcolor="#FFFFCC" align="center">
                    <td><% =(page_no-1)*page_size+I %>
                    <td><a href="count_hits.asp?bbs_id=<%=rs("bbs_ID")%>">
                    <%=rs("title")%></a></td>
                    <td><%=rs("child")%></td>
                    <td><%=rs("hits")%></td>
                    <td><%=rs("user_name")%></td>
                    <td><%=rs("submit_date")%></td>
                </tr>
        <%
                rs.MoveNext
            Loop
        End If
        %>
    </table>
    <a href="announce.asp"> يېڭى ماقالە يوللاش</a>    
    <%
    'بۇتارماق پروگراممىا ئالاقىدارىبەتلەرگە ئۇلىنىش چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ
    Call select_page(page_no,page_total)
    %>
    </center>
</body>
```

</html>

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 7ـ12. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ .




7ـ12. رەسىم : BBS نىڭ باش بېتى



چۈشەندۈرۈش :

① بەتلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىش ئۈچۈن Recordset ئوبيېكتى قۇرۇلدى، ئىلگىرى سۆزلىگەن Connection ئوبيېكتىنىڭ Execute ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ Recordset ئوبيېكتى قۇرۇلغاندا بەتلەرگە بۆلۈپ كۆرسەتكىلى بولمايدۇ .

خاتىرىلەر تويلىمىدا ئىستىرىلكا تىپى قىممىتىنى چوقۇم بىكىتىش كېرەك.

تۆۋەندىكى ئۈچ قۇر جۈملىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭ :

```
sql="Select * From bbs Where layer=1 Order By submit_date desc"
Set rs=Server.CreateObject("ADODB.Recordset")
rs.Open sql,db,1
```

② بەتلەرگە بۆلۈپ كۆرسىتىشتە ئاساسلىقى Recordset ئوبيېكتىنىڭ ئۈچ دانە خاسلىقى ئىشلىتىلدى. Page size ــ ھەر بىر بەتتە قانچە خاتىرە كۆرسىتىلىدىغانلىقى ، PageCount جەمئىي قانچە بەت بارلىقى ، AbsolutePage نۆۋەتتىكى بەتنىڭ قانچىنچى بەت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ .

بۇ تۆۋەندىكى ئۈچ قۇر جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلەندى :

```
rs.PageSize=page_size        'ھەربىربەتتە قانچە خاتىرە كۆرسىتىلىدىغانلىقى بەلگىلىنىدۇ
page_total=rs.PageCount      'ئومۇمىي بەت سانى قايتۇرۇلىدۇ
rs.AbsolutePage=page_no      'نۆۋەتتىكى بەتنىڭ قانچىنچى بەت ئىكەنلىكى بەلگىلىنىدۇ
```

يۇقارقىدەك بەلگىلەنگەندىن كېيىن خاتىرە ئىستىرىلكىسى نۆۋەتتىكى بەتتىكى بىرىنچى خاتىرىدە تۇرىدۇ،ئاندىن تەرتىپ بىلەن ئاستىغا يۆتكىلىدۇ .
PageSize نىڭ بەلگىلىنىشىگە ئاساسەن خاتىرە ئىستىرىلكىسى يۆتكىلىپ ئاخىرقى بەتتىكى ئەڭ ئاخىرقى خاتىرىگە كەلگەندە ياكى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى خاتىرىلەر ئاخىرلاشقاندا توختايدۇ .
③ئوقۇرمەنلەر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا :
باش قۇردا ئىشلىتىلگەن Include ئۇسۇلى ، ئاساسىي ھۆججەت ئۆزىچىگە ئالغان ھۆججەتنىڭ بىرى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش ھۆججىتى(بۇ سۆزقالدۇرۇش دوسكىسىدىكى بىلەن ئوخشاش) يەنە بىرى function.asp ھۆججىتى ، بەت نومۇرىغا ئۇلىنىش قۇشۇپ كۆرسىتىش جۈمللىرى بىرفونكسىيىگە ئايلاندۇرۇلۇپ بۇھۆججەتكە يېزىلىپ ساقلاندى ، ئاساسىي بەتتە Include ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ قىستۇرۇلۇپ لازىملىق فۇنكسىيە يۆتكەپ ئىشلىتىلدى.
ئەمەلىيەتتە مۇنداق قىلمىساقمۇ مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز ،مەقسەت كۆپچىلىككە Include ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىتىش .

(3) سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش ھۆججىتى --- odbc_connection.asp

```
<%
' سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش BBS
Dim db,connstr
connstr="Dbq="&Server.Mappath("bbs.mdb")&";Driver={Microsoft Access
Driver (*.mdb)}"
Set db=Server.CreateObject("ADODB.Connection")
db.Open connstr
%>
```

(4) فۇنكسىيە ھۆججىتى --- function.asp

```
<%
private sub select_page(page_no,total_page)
      ' بۇتارماق پروگراممىا تەرتىپ بويىچە بەت نومۇرىغا ئۇلىنىش چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى
'    نۆۋەتتە ئابونىت كۆرۈۋاتقان بەتتىن باشقا بەتلەرنىڭ نومۇرىغا ئۇلىنىش قوشۇلىدۇ
   Response.Write "بەت نومۇرىنى تاللاڭ : "
   Dim I
   for I=1 to total_page
   If I=page_no Then
   Response.Write I & " "
   Else
```

```
    Response.Write "<a href='index.asp?page_no=" & I & "'>" & I &
"</a> "
    End If
    next
End sub
%>
```



چۈشەندۈرۈش : بۇ ھۆججەتنى index.asp ھۆججىتىنى چۈشەندۈرگەندە تىلغا ئالدۇق،دائىم ئىشلىتىلىدىغان فۇنكسىيىنى ئايرىم بىر ھۆججەتكە يېزىپ Include ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ باشقا ھۆججەتلەرگە قىستۇرغاندا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە قۇلايلىق بولىدۇ .

(5) چېكىلىش قېتىم سانىنى ھېسابلاش ھۆججىتى --- count_hits.asp

باش بەتتە ماقالىنىڭ تېمىسى كۆرسىتىلىدۇ،تېمىسىنى بىر چەككەندە ماقالە تەپسىلىي مەزمۇنىنى كۆرسىتىدىغان بەت ئېچىلىدۇ ، بىر چېكىلگەندە ئەسلىدىكى چېكىلىش قېتىم سانىغا يەنە بىر سان قوشۇلۇپ ئاندىن ماقالە تەپسىلىي مەزمۇنىنى كۆرسىتىش ھۆججىتى particular.asp ئېچىلىدۇ. Updateجۈملىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلىڭ .

```
<%Response.buffer=true%>
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
<%
Dim bbs_id
bbs_id=Request("bbs_id")                    ' ماقالىنىڭ رەت نومۇرى قايتۇرۇلىدۇ
' ئەسلىدىكى چېكىلىش قېتىم سانىغا يەنە بىر سان قوشۇلۇپ ئاندىن particular.asp ھۆججىتى ئېچىلىدۇ
sql="Update bbs Set hits=hits+1 Where bbs_id=" & bbs_id
db.Execute(sql)
db.Close
' ماقالىنىڭ رەت نومۇرى particular.asp ھۆججىتىگە يوللىنىدۇ
Response.Redirect "particular.asp?bbs_id=" & bbs_id
%>
```



چۈشەندۈرۈش : يۇقىرىقى پروگراممىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس، Update جۈملىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە دىققەت قىلسىڭىزلا بولىدۇ ،بىراق بۇ يەردىكى ئوي -پىكىر پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ، كۆرسىتىلىدىغان بەتنى ئالدىنلا بىر تەرەپ قىلىشتا، مەسىلەن: ھەركەتچان تور بېكەت ئۆلىنىش پروگراممىسى تۈزۈشتە چېكىلىش قېتىم سانىنى ستاتىستىكا قىلىشتا .

(6) تەپسىلىي مەزمۇن كۆرستىش ھۆججىتى -- particular.asp

بۇ ھۆججەت ماقالىنىڭ تەپسىلىي مەزمۇنىنى كۆرستىدۇ ھەمدە بارلىق ئىنكاس ماقالىلىرىنى ئاستىغا تىزىدۇ ، شۇنداقلا ئىنكاس ماقالىسى يازىدىغان بەتنى ئۇلىنىشى بىلەن تەمىنلەيدۇ .

بۇ پروگراممىدا ماقالە ۋە ئىنكاس ماقالىنىڭ قانداق تەرتىپكە ئاساسەن تىزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ.

---

```
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
<html>
<head>
<title> تەپسىلىي مەزمۇن </title>
</head>
<body>
   <h2 align=center> تەپسىلىي مەزمۇن </h2>
   <%
   Dim bbs_id
   bbs_id=Request("bbs_id")              ' كۆرستىلىدىغان خاتىرە رەت نومۇرى قايتۇرۇلىدۇ
         ' تۆۋەندە نۆۋەتتىكى خاتىرە (ماقالە )مەزمۇنى كۆرستىلىدۇ
   Dim sql,rs
   sql="Select * From bbs Where bbs_id =" & bbs_id
   Set rs=db.Execute(sql)
   %>
   <center>
   <p><a href="index.asp?page_no=<%=Session("page_no")%>"> باش بەتكە
 قايتىش</a>
    |  
<a
href="re_announce.asp?bbs_id=<%=bbs_id%>&title=<%=rs("title")%>">
 ئىنكاس قايتۇرۇش</a>
   <table border="0" bgcolor="#CCFFFF" width="90%">
<tr>
<td width=20%> تېما</td>
<td><b><big><%=rs("title")%></big></b></td>
</tr>
<tr>
<td> مەزمۇنى</td>
<td><%=rs("body")%></td>
</tr>
```

```
<tr>
<td></td>
<td align=right><small><I><%=rs("user_name")%>  ئەۋەتكۈچى
<%=rs("submit_date")%></small></td>
        </tr>
    </table>
    <%
    '          تۆۋەندە بارلىق ئىنكاس ماقالە مەزمۇنى كۆرسىتىلىدۇ
    sql="Select title,body,user_name,submit_date From bbs Where"
    sql=sql & " parent_id=" & bbs_id                    ' رەت نومۇرى شەرت قىلىنىدۇ
    sql=sql + " Order By submit_date desc"
    Set rs=db.Execute(sql)
    Dim I                    '  بۇ ئۆزگەرگۈچى مىقدار ئىنكاس ماقالىسىنىڭ رەت نومۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ
    I=0
    Do While Not rs.Eof
        I=I+1
    %>
<table border="0" bgcolor="#FFFFCC" width="90%">
<caption align=left><font color=red size=2>ئىنكاس<%=I%></font></caption>
<tr>
<td width=20%>تېما</td>
<td><%=rs("title")%></td>
        </tr>
        <tr>
<td> مەزمۇنى</td>
<td><%=rs("body")%></td>
</tr>
<tr>
<td></td>
    <td align=right><small><i><%=rs("user_name")%>   ئىنكاس قايتۇرغۇچى
<%=rs("submit_date")%></i></small></td>
</tr>
</table>
<%
rs.MoveNext
Loop
```

```
%>
</center>
</body>
</html>
```

پروگراممنىڭ ئىجرابولۇش نەتىجىسى 8ـ12. رەسىمدىكىدەك بولىدۇ .



چۈشەندۈرۈش :

① مۇنۇ جۈملىگە دىققەت قىلىڭ :

<a href="index.asp?page_no=<%=Session("page_no")%>">باش بەتكە قايتىش</a>


باش بەت بىر قانچە بەتكە بۆلۈنىدۇ ، شۇڭا باش بەتكە قايتىشتا قانچىنچى بەتكە قايتىش كېرەك ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قايتىدىغان بەت نومۇرىنى Session بىلەن ساقلىۋالدۇق .

بۇ جۈملە بىلەن قايتىدىغان بەت نومۇرى پارامېتر سۈپىتىدە يوللاپ بېرىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇناسىپ بەت كۆرسىتىلىدۇ ، باشقىلىرىنى ئالدىنقى مىساللاردا چۈشەندۈرۈپ بولدۇق ، قايتا يەنە چۈشەندۈرمەيمىز . ئەلۋەتتە بۇ يەردە Session نى ئىشلىتىپ بەت نومۇرىنى بىۋاستە يوللاشقىمۇ بولىدۇ .

② ئۇندىن باشقا يەنە :

<a href="re_announce.asp?bbs_id=<%=bbs_id%>&title=<%=rs("title")%>">ئىنكاس قايتۇرۇش</a>

جۈملىسىگە دىققەت قىلىڭ ، بۇ يەردە ئىككى پارامېتر يوللىنىلىدۇ ، بىرى ماقالە رەت نومۇرى ، يەنە بىرى ماقالە تېمىسى ، ئارىلىقتا «&» بەلگىسى قويۇپ ئۇلىنىلىدۇ .




8ـ12. رەسىم : ماقالە تەپسىلىي مەزمۇنىنى كۆرسىتىش

(7) يېڭى ماقالە يوللاش ھۆججىتى --- announce.asp

باش بەتتە 发表新文章 (يېڭى ماقالە يوللاش)ئۇلانمىسىنى تاق چەككەندە بۇ ھۆججەت ئىچىلىدۇ . ماقالە تېمىسى ، مەزمۇنى ۋە ئاپتور نامى كىرگۈزۈلۈپ提交 (تاپشۇرۇش) كۇنۇپكىسى چېكىلگەندە پروگراممىا ئىجرا بولۇپ كىرگۈزۈلگەن ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلىنىپ ئابونت باش بەتكە يېتەكلىنىدۇ .

```
<% Response.Buffer=True %>
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
<html>
<head>
   <title>يېڭى ماقالە يوللاش   </title>
</head>
<body>
   <h2 align="center">يېڭى ماقالە يوللاش   </h2>
   <center>
   <table border="0" width=90%>
        <form method="post" action="" name="form1" >
              <tr><td>تېما: </td><td><input type="text" name="title" size="60">**
</td></tr>
              <tr><td> مەزمۇن:  </td><td><textarea name="body" rows="4"
cols="60" wrap="soft">
</textarea></td></tr>
              <tr><td> ئىسىم:  </td><td><input type="text" name="user_name"
size="20">**
  </td></tr>
   <tr><td></td><td><input type="submit" value="    تاپشۇرۇش    "
size="20"></td></tr>
</form>
</table>
</center>
<p align=center><a
href="index.asp?page_no=<%=Session("page_no")%>">باش بەتكە قايتىش  </a>
   <%
  ' ئەگەر ماقالە تېمىسى ۋە ئەۋەتكۈچى نامى كىرگۈزۈلگەن بولسىلا تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئىجرا بولىدۇ
If Request("title")<>"" And Request("user_name")<>"" Then
```


```
Dim title,body,layer,parent_id,child,hits,ip,user_name  ' ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار ئېنىقلىنىدۇ
title=Request.Form("title")  ' ماقالە تېمىسى قايتۇرۇلىدۇ
        body=Request.Form("body")  'ماقالە مەزمۇنى قايتۇرۇلىدۇ
        user_name=Request.Form("user_name")  ' ماقالە يوللىغۇچى نامى
قايتۇرۇلىدۇ
        layer=1  ' ئەسلى ماقالە بىرىنچى قەۋەت
        parent_id=0  ' رەت نومۇرى
        child=0  ' ئىنكاس ماقالە سانى 0 پارچە
        hits=0  ' چېكىلىش قېتىم سانى 0
        ip=Request.ServerVariables("remote_addr")  ' ماقالە يوللىغۇچى IPئادرېسى
        ' يۇقارقى ئۇچۇرلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلىنىدۇ
Dim sql,svalues
sql="Insert Into bbs(title,layer,parent_id,child,hits,ip,user_name,submit_date"
svalues = "Values('" & title & "'," & layer & "," & parent_id & "," &child & ","
& hits & ",'" & ip & "','" & user_name & "','" & date() & "'"
If body<>"" Then  ' ماقالە مەزمۇنى قۇرۇق بولمىسا bodyخەت بۆلىكىگە ساقلىنىدۇ
sql = sql & ",body"
svalues = svalues & "," & "'" & body & "'"
End If
sql = sql & ") " & svalues & ")"
db.Execute(sql)
db.Close  ' connectionئوبيېكتى تاقىلىدۇ
        ' ساقلانغاندىن كېيىن باش بەتكە قايتىدۇ
Response.Redirect "index.asp?page_no=" & Request.QueryString("page_no")
End If
   %>
</body>
</html>
```



چۈشەندۈرۈش : ① ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا قوللاي بولۇشى ئۈچۈن بىز خەت بۆلىكى نامى بىلەن ئۆزگەرگۈچى مىقدار نامىنى ئوخشاش قىلىپ ئېنىقلىۋالدۇق .

② يوللايدىغىنىمىز يېڭى ماقالە بولغانلىقىدىن layer قىممىتىنى 1 قىلىپ، parent_idقىممىتىنى 0 قىلىپ بەلگىلىدۇق .

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 9-12. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ .




12ـ9. رەسىم : يېڭى ماقالە يوللاش بېتىنىڭ كۆرۈنۈشى

(8) ئىنكاس ماقالىسى يېزىش ھۆججىتى --- re_announce.asp

ئىنكاس ماقالىسى بىلەن يېڭى ماقالە دېگۈدەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ، پەقەت تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا كىچىككىنە پەرق بار :

1. تىما يېزىق رامكىسىدا ماقالىنىڭ تېمىسى چىقىدۇ: value="re:<%=title%>"
2. يوللىنىدىغىنى ئىنكاس ماقالىسى بولغانلىقىدىن layer=2 ھەمدە parent_id قىممىتى ئەسلى ماقالىنىڭ رەت نومۇرىغا تەڭ بولىدۇ .
3. ئىنكاس ماقالىسى ساقلانغاندىن كېيىن ئەسلى ماقالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىنكاس ماقالىلار سانىغا بىر سان قوشۇلىدۇ .

```
<% Response.Buffer=True %>
<!--#Include file="odbc_connection.asp"-->
<html>
<head>
   <title>ئىنكاس ماقالىسى </title>
</head>
<body>
   <%
   Dim bbs_id,title
   bbs_id=Request("bbs_id")            ' ئەسلى ماقالە رەت نومۇرى قايتۇرۇلىدۇ
   title=Request("title")              ' ئەسلى ماقالە تېمىسى قايتۇرۇلىدۇ
   %>
```

```
    <h2 align="center">ئىنكاس ماقالىسى    </h2>
    <center>
    <table border="0" width=90%>
        <form method="post" action="" name="form1" >
            <tr><td> تېما:  </td><td><input type="text" name="title" size="60"
value="re:<%=title%>">** </td></tr>
            <tr><td> مەزمۇن:  </td><td><textarea name="body" rows="4"
cols="60" wrap="soft">
</textarea></td></tr>
<tr><td> ئىسىم:  </td><td><input type="text" name="user_name" size="20">**
</td></tr>
            <tr><td></td><td><input type="submit" value="    تاپشۇرۇش    "
size="20"></td></tr>
        </form>
    </table>
    </center>
    <p align=center><a href="particular.asp?bbs_id=<%=bbs_id%>"> باش بەتكە
قايتىش</a>
    <%
If Request("title")<>"" And Request("user_name")<>"" Then
Dim body,layer,parent_id,child,hits,ip,user_name         ' ئۆزگەرگۈچى مىقدارلارنى ئېنىقلىنىدۇ
title=Request.Form("title")                    ' ئىنكاس ماقالەتېمىسى قايتۇرۇلىدۇ
body=Request.Form("body")                      'ئىنكاس ماقالە مەزمۇنى  قايتۇرۇلىدۇ
user_name=Request.Form("user_name")            'ئىنكاس ماقالە يوللىغۇچى نامى قايتۇرۇلىدۇ
layer=2                               ' ئىنكاس ماقالىسى ئىككىنچى قەۋەت
parent_id=bbs_id         ' ئىككىنچى قەۋەت بولغانلىقتىنbbs_id  قىممىتى ماقالە رەت نومۇرى قىلىنىدۇ
child=0                               ' ئىنكاس ماقالە سانى 0 پارچە
hits=0                  ' 0 چېكىلىش قېتىم سانى
ip=Request.ServerVariables("remote_addr")          ' ئاپتورIPئادرېسى
'   يۇقارقى ئۇچۇرلار سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا خاتىرىلىنىدۇ
        Dim sql,svalues
sql = "Insert Into bbs(title,layer,parent_id,child,hits,ip,user_name,submit_date"
svalues = "Values('" & title & "'," & layer & "," & parent_id & "," &child & ","
& hits & ",'" & ip & "','" & user_name & "','" & date() & "'"
If body<>"" Then              ' ماقالە مەزمۇنى قۇرۇق بولمىسا bodyخەت بۆلىكىگە ساقلىنىدۇ
sql = sql & ",body"
```

```
svalues = svalues & "," & "'" & body & "'"
End If
        sql = sql & ") " & svalues & ")"
        db.Execute(sql)
        ' ئىنكاس ماقالىلەر سانىغا 1 قوشۇلىدۇ
        sql="Update bbs Set child=child+1 Where bbs_id=" & bbs_id
        db.Execute(sql)
        db.Close
        ' ئەسلى بەتكە قايتىدۇ
        Response.Redirect "particular.asp?bbs_id=" & bbs_id
   End If
   %>
</body>
</html>
```

## 12.4. توردا ئوقۇتۇش سىستېمىسى

نۆۋەتتە تور مائارىپ ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ،توردا ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشتا ئوقۇتۇش سىستېمىسى بولۇش كېرەك ، توردا ئۆگىنىش، مۇنازىرىلىشىش، تاپشۇرۇق ئىشلەش، قاتارلىق جەريانلار سىستېمىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ .

### 12.4.1. توردا ئوقۇتۇش سىستېمىسىنى لايىھىلەش

توردا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەت يۈكىنى يەڭگىللەتكىلى بولىدۇ .

بىز بۇيەردە ئاددىي بىر ئوقۇتۇش سىېستىمىسى لايىھىلەشنى مىسال قىلىمىز، ئاساسلىق ئىقتىدارلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئىشلەتكۈچىلەرنى باشقۇرۇش --- ئوقۇتقۇچى، ياردەمچى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاپ باشقۇرۇشقا بولىدۇ.

ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش--- دەرسلىككە ئائىت بىرقىسىم ئۇچۇرلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

مەنبە باشقۇرۇش --- دەرسلىكتە تەمىنلىنىدىغان بارلىق ماتېرىياللارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا بولىدۇ.

دەرسخانا باشقۇرۇش --- ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتىدىغان مۇكەممەل مۇھىت بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

تاپشۇرۇق مەشىقلەرنى باشقۇرۇش--- تاپشۇرۇق بىرىشكە بولىدۇ، سىستېما بەلگىلەنگەن ئۆلچەملىك جاۋابقا ئاساسەن ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ نومۇرقويىدۇ.

ئىمتىھان باشقۇرۇش--- توردا ئىمتىھان ئېلىشقا بولىدۇ، بەلگىلەنگەن ئۆلچەملىك جاۋابقا ئاساسەن سىستېما ئاپتوماتىك تەكشۈرۈپ نومۇر قويىدۇ.

نەتىجە باشقۇرۇش --- سىستېما ئوقۇتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارئىمتىھان نەتىجىسىنى ستاتىستىكا قىلىپ تەپسىلىي جەدۋەللەشتۈرۈپ چىقىرىپ بىرەلەيدۇ.

### 12.4.2. توردا ئوقۇتۇش سىستېمىسىنىڭ ئىقتىدارلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش

كىتابىمىزنىڭ سەھىپىسى چەكلىك بولغانلىقىدىن ھەربىر ھۆججەتنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە

مۆمكىن بولمىدى، بىز بارلىق ھۆججەتلەرنى كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئوپتىك دىسكىدا \asptemp\chapter12\jjclass ئىچىگە كۆچۈرۈپ قويدۇق ،چۈنكى بۇپروگراممىدا بىر قەدەر مۇرەككەپ ، شۇڭا بۇ ھۆججەتلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرسەك بولاتتى. پروگراممىنى كومپيۇتېرىڭىزغا قاچىلاپ ئىجرا قىلىپ سىناپ كۆرۈڭ ، ئىنچىكە مۇلاھىزە قىلىپ چۈشىنىشىڭلار، چۈشەندۈرۈش ھۆججىتىدىن پايدىلىنىڭ، ئىجرا قىلىپ سىناشتىن ئاۋۋال پروگراممىدا ئىشلىتىلگەن ئىككى دانە بىرىكمىنى تىزىملىتىۋېتىڭ، ئەڭ ياخشىسى پروگراممىدا جايلاشقان ھۆججەت قىسقۇچقا تەقلىدى مۇندەرىجە بەلگىلەڭ . Index.asp نى مۇۋاپىق ھۆججەتلەر قاتارىغا قوشۇپ قويۇڭ ، ئۇندىن باشقا يەنە uploadfile ھۆججەت قىسقۇچىنىڭ خاسلىقىنى بەلگىلەشكە دىققەت قىلىڭ ، توغرا بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن كۆزەتكۈچ ئادرېس ئىستونىغا پروگرامما ئادرېسىنى كىرگۈزۈپ سىناپ بېقىڭ .

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 10ـ12. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ .

بۇ پروگراممىدا ئابونت باشقۇرۇش، ھۆججەت يوللاش قاتارلىق تور بېكەتكە ئائىت ئەمەلىي بۆلەكلەر بار، كۆپچىلىك ئىگەللىگەن ئىلگىرىكى بىلىملەر ئاساسىدا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسە بولىدۇ.




10ـ12. رەسىم : توردا ئوقۇتۇش سىستېمىسىنىڭ كۆرۈنۈشى

## 12ـ 5 . بۇ بابتىن خۇلاسە

بۇ بابتا توردا ھەر دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان پروگراممىلاردىن سۆز قالدۇرۇش دوسكىسى، پاراڭلىشىش پروگراممىسى، BBS مۇنبىرى مىسال قىلىندى. گەرچە پۇختا، مۇكەممەل تۈزىمىگەن بولساقمۇ لېكىن ئاساسلىق مۇھىم مەزمۇنلارنى تولۇق سۆزلەپ چۈشەندۈردۇق.

ئەمەلىيەتتە تور پروگرامما تېخنىكىسى ئۇنچىلىك مۇرەككەپ ئەمەس ، ئاچقۇچلۇق يېرى ئۇنۇۋرسال ئىشلىتىلىدىغانلىقىدا، ئەڭ ئاخىرىدا ئەمەلىي بىر توردا ئوقۇتۇش سىستېمىسى مىسال قىلىندى. كۆپچىلىكنىڭ پروگراممىدىكى ھەر بىر بۆلەكنى ئەستايىدىللىق بىلەن مۇلاھىزە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز .

## 12ـ كۆنۈكمە

1ـ ئىشلەپ بېقىڭ.

(1) سۆز قالدۇرۇش دوسكىسىدا سۆز قالدۇرغاندا قالدۇرۇلغان سۆز سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا خاتىرىلىنىش بىلەن بىرگە سۆز قالدۇرغۇچى E_mail ئادرېسىدىن ئۆز خەت ساندۇقىڭىزغا قالدۇرۇلغان سۆز يوللىنىدىغان قىلىڭ.

(2) Application,Session ئوبيېكتىدىن پايدىلىنىپ پاراڭلىشىش پروگراممىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈڭ .

پاراڭلىشىۋاتقانلار ئىسىملىكى تۇرغۇزۇڭ ،ئىسىم سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا خاتىرىلەنسىمۇ بولىدۇ، پاراڭلىشىش پروگراممىسىغا يېڭىدىن بىرەيلەن كىرسە ئىسمى خاتىرىلىنىدىغان چىقىپ كەتسە ئىسمى ئۆچۈرۈلىدىغان بولسۇن .

(3) BBS مۇنبىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈڭ.

يېڭى ماقالە يوللاش بېتى بىلەن ئىنكاس ماقالىسى يوللاش بېتىنى بىرىكتۈرۈپ بىر ھۆججەتكە ئايلاندۇرۇڭ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆچۈرۈش،تەھرىرلەش ئىقتىدارى قوشۇڭ .

(4) توردا ئوقۇتۇش پروگراممىسىنى ئىجراقىلىپ كۆرۈپ بېقىڭ ، ھەر بىر بۆلەكنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىڭ.

(5) توردىن تېخىمۇ كۆپ Asp پروگراممىلىرىنى چۈشۈرۈپ تەتقىق قىلىڭ.

# 13ـ باب ئۇيغۇرچە يېزىق برتەرەپ قىلىش

**بۇ بابنىڭ مۇھىم نۇقتىسى:**

- تور بەتكە ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش .
- توربەتنى ئۇيغۇرچە كۆرستىپ بېرىش .

## 13ـ1. تور بەتكە ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش

بىز BBS، سۆزقالدۇرۇش دوسكىسى ، پاراڭلىشىش پروگراممىسى قاتارلىقلارنى تۈزۈشنى ئۆگەندۇق ، لېكىن بولار خەنزۇچە ياكى ئىنگلىزچە تۈزۈلدى ، ئۇيغۇرچە تۈزۈش مۇمكىن بولامدۇ ؟

تامامەن مۇمكىن ، بۇيەردىكى ھالقىلىق مەسىلە -- توربەتنى (ئابونت ئۇيغۇرچە ماتېرىيال قاچىلىمىغان ئەھۋالدىمۇ ) ئۇيغۇرچە كۆرستىش ۋە يېزىق رامكىسىغا ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزۈش .

بىز بۇيەردە توربەتتىكى يېزىق رامكىسىغا ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.


بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار .

### 1ـ خىل ئۇسۇل :

بۇمەسىلىنى 2000ـيىلى «باش ئەگىم» تور بېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ئابلىزتۇرسۇن ئەپەندى تەتقىق قىلىپ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى ، كېيىن غەيرەت قادىر ئەپەندى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى، 2004ـيىلى بۇتپخىنكا ئىزدىنىش توربىدا ئاشكارىلاندى ، «بىلگە» تور بېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بۇ پروگراممىغا يەنە بەزى ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدى ، بۇنىڭ بىلەن تور بەت تۈزۈشنى يېڭى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بۇ پروگراممىدىن پايدىلىنىشى تېخىمۇ ئاددىيلاشتى .


بىز تۆۋەندە مۇشۇ پروگراممىدىن پايدىلىنىپ توربەتتىكى يېزىق رامكىسىغا ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزۈشنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز:

1ـ لازىملىق تور بەتنى ئاچىمىز : (13ـ1. رەسىمگە قاراڭ )




13ـ1.رەسىم ←

ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزمەكچى بولغان تېكىست رامكىسى ئۈستىدە مائۇس سول كۇنۇپكىسىنى قوش چېكىمىز ، 13ـ1. رەسىمدىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ ، بىز بۇ كۆزنەكتە تېكىست رامكىسىنىڭ خاسلىقىنى بەلگىلەيمىز ، ① تېكىست رامكىسىغا نام بېرىمىز ، مەسىلەن : T1 دەپ نام بېرەيلى ، ② يېزىق يۆلىنىشىنى تاللايمىز ،بۇنىڭ ئۈچۈن 文本方向(يېزىق يۆلىنىشى) دىن 从右向左(ئوڭدىن– سولغا ) نى تاللايمىز ، ③ 样式 (شەكىل ) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز ،13ـ2. رەسىمدىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ، 格式 (شەكىل) كۇنۇپكىسىنى بېسىپ 字体(خەت نۇسخىسى) نى تاللايمىز، چىققان كۆزنەكتىن خەت چوڭلۇقى ۋە نۇسخىسىنى تاللايمىز ،④确定(مۇقىملاش) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز.





13ـ2. رەسىم

⑤ 拆分 (يېرىش) نى بېسىپ </form> نىڭ ئالدىغا تۆۋەندىكى كودنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە يېزىق بىرتەرەپ قىلىش پروگراممىسى يېزىلغان ھۆججەتنى كۆرسىتىپ بېرىمىز :

```
<Script language=VBScript.Encode src="Ui.vbs">
</Script>
```

13ـ3. رەسىمگە قاراڭ .




3ـ13. رەسىم


⑥ 文件(ھۆججەت) تىزىملىكىدىن 保存 (ساقلاش) نى بېسىپ ھۆججەتنى ساقلايمىز .

⑦ Ui.vbs ھۆججەتنى ئېچىپ تۆۋەندىكى كود ئارقىلىق ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزىدىغان يېزىق رامكىسىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز :

```
Sub T1_onkeypress
call jaryan
End Sub
```

⑧ 文件(ھۆججەت) تىزىملىكىدىن 保存 (ساقلاش) نى بېسىپ ھۆججەتنى ساقلايمىز .

4ـ13. رەسىمگە قاراڭ .




4ـ13. رەسىم



چۈشەندۈرۈش :

① ئاۋۋال كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئوپتىك دىسكىسىدىكى asptemp\chapter13\Uyghur ئىچىدىن Ui.vbs ناملىق ھۆججەتنى تېپىپ كېرەكلىك توربەت ھۆججىتى ساقلانغان ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىگە كۆچۈرۈپ قويۇڭ .

② بۇھۆججەتتە ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈلىدىغان تېكست رامكىسىنىڭ نامىنى چوقۇم ئەسكەرتىشىڭىز كېرەك، مەسىلەن : باياتا بىز تېكست رامكىسىنىڭ نامىنى T1 قويغان ئىدۇق ، بۇنى ئەسكەرتىپ قويدۇق .

پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 5ـ13. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ .




5ـ13. رەسىم←

« [ » كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئىنگلىزچە يېزىق ، « ] » كۇنۇپكىسىنى بېسىپ ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈشكە بولىدۇ .

### *كۇنۇپكىنى ئۇيغۇرچە قىلىش*



*كۇنۇپكىنى ئۇيغۇرچە قىلىشتا① ئۇيغۇرچە قىلماقچى بولغان كۇنۇپكا ئۈستىدە مائۇس سۇل كۇنۇپكىسىنى قوش چىكىمىز، 13ـ1. رەسىمدىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ.*
*② 值/标签 خاسلىق رامكىسىغا ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزىمىز ( مەسىلەن : يوللاش)، يېزىق يۆنىلىشىنى تاللايمىز،بۇنىڭ ئۈچۈن 文本方向 دىن 从右向左 (ئوڭدىن – سولغا ) نى تاللايمىز، ③ 样式 (شەكىل ) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز، 13ـ2. رەسىمدىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ، 格式 (شەكىل) كۇنۇپكىسىنى بېسىپ 字体(خەت نۇسخىسى) نى تاللايمىز، چىققان كۆزنەكتىن خەت چوڭلۇقى ۋە نۇسخىسىنى تاللايمىز، ④ 确定 (مۇقىملاش) كۇنۇپكىسىنى باسىمىز.*

## 2ـ خىل ئۇسۇل

بۇخىل كىرگۈزۈش تېخنىكىسىنى UKJ (ئۇيغۇر كومپيۇتېر جەمئىيىتى ) دىكى خادىملار تەتقىق قىلىپ يولغۇن توردا ئاشكارە ئېلان قىلغان ، بوخىل ئۇسۇل Unicode لۇق كىرگۈزۈش ئۇسۇلى دەپ ئاتىلىدۇ .

بۇخىل كىرگۈزۈش ئۇسۇلىدىمۇ ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش پروگراممىسى ئايرىم بىر ھۆججەتكە يېزىلغان، بۇ ھۆججەتنى(Uyghur.vbs) كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئۈپتىك دىسكىسىدىن تېپىپ كېرەكلىك تور بەت ھۆججىتى ساقلانغان ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىگە چوقۇم كۆچۈرۈپ قويۇشىڭىز لازىم .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :


1ـ لازىملىق تور بەت ھۆججىتىنى ئېچىپ ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزمەكچى بولغان تېكىست رامكىسىنى تاللاپ قوش چېكىمىز ، 13ـ2. رەسىمدىكىدەك كۆزنەكتىن UKIJ Tuz Tom خەت نۇسخىسىنى تاللايمىز ، ئاندىن 13ـ3. رەسىمدىكىدەك كۆزنەكتە تېكىست رامكىسىنىڭ خاسلىقىنى ئۆزگەرتىمىز :

---

```
<input type=text size=40 onkeypress="Uyghur()" dir="rtl" style="font-family:
UKIJ tuz tom; font-size: 12pt" name="UyghrTextBox">
<br>
<br>
<textarea name="body" rows="4" cols="40" wrap="soft"
onkeypress="Uyghur()" dir="rtl" style="font-family: UKIJ tuz tom; font-size:
12pt"></textarea>
<script language="vbscript" type="text/vbscript" src="Uyghur.vbs">
</script>
```

---

13ـ6. رەسىمگە قاراڭ .




6ـ13. رەسىم

2ـ 文件(ھۆججەت) تىزىملىكىدىن ( 保存 (ساقلاش) نى بېسىپ بۇ ھۆججەتنى ساقلايمىز .
پروگراممىنىڭ ئىجرا بولۇش نەتىجىسى 7ـ13. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولىدۇ .




7ـ13. رەسىم←



چۈشەندۈرۈش :

① پروگراممىڭىزدا بۇخىل كىرگۈزۈش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا كىتابىمىزنىڭ قوشۇنچە ئۈيتىك دىسكىسىدىكى asptemp\chapter13\UKJ ھۆججەت قىسقۇچىنىڭ ئىچىدىكى Uyghur.vbs ھۆججىتىدىن پايدىلىنىڭ .

②ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزمەكچى بولغان تېكىست رامكىسىنىڭ خاسلىقىنى ئۆزگەرتىشكە دىققەت قىلىڭ،كونۇپكا بېسىپ كۇنتۇرۇلگەندە ئۇيغۇرچە ھەرپ پەيدا بولىدۇ ، بۇنىڭدا onkeypress ھادىسىسىدىن پايدىلاندۇق :

onkeypress="Uyghur() "

Uyghur() ---- ئۇيغۇرچە يېزىق بىرتەرەپ قىلىش پروگراممىسى يېزىلغان ھۆججەت Uyghur.vbs دىكى جەريان نامى .

③ تۆۋەندىكى كودنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە يېزىق بىرتەرەپ قىلىش پروگراممىسى يېزىلغان ھۆججەتنى كۆرستىپ بەردۇق :


```
<Script language=VBScript.Encode src=" Uyghur.vbs">
</Script>
```

## Microsoft Weft .2ـ13 دىن پايدىلىنىپ توربەتنى ئۇيغۇرچە كۆرستىپ بىرىش


Microsoft Weft مىكروسوفت شىركىتى لايىھىلىگەن يۇمشاق دىتال ، ئۇ تور بەتتە ئىشلىتىلگەن خەت نۇسخىسى زىيارەت قىلغۇچىلار كومپيۇتىردا بولمىغان ئەھۋالدىمۇ توربەتنى زىيارەت قىلغۇچىلارغا نورمال كۆرستىپ بىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

بۇ دىتالنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

(1)كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئۈيتىك دىسكىسىدىن Microsoft Weft نى تېپىپ قاچىلاپ قوزغىتىڭ .




8_13. رەسىم : Microsoft Weft قوزغالغاندىكى كۆرۈنۈش





9_13. رەسىم ←

(2) Tools(قوراللار) تىزىملىكىدىن 9_13. رەسىمدە كۆرسىتىلگەن تۈرنى تاللىسىڭىز,كومپيۇتېرىڭىزدىكى خەت نۇسخىلىرىنى تەكشۈرۈپ يېڭىلايدۇ.


(3)New (يېڭى)دېگەن بەلگىنى باسساق بىر رامكا چىقىدۇ,ئۇستىدىكى قۇرغا ئىسمىڭىزنى

ئاستىدىكى قۇرغا ئىلخەت ئادرېسىڭىزنى يازسىڭىز بولىدۇ،[下一步](كىيىنكى قەدەم)نى باسسىڭىز13ـ
10. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك كۆزنەك چىقىدۇ .





13ـ10. رەسىم ←

« ... » كۆنۈپكىسىنى بېسىپ ياسىغان بېتىمىزنى كۆرسىتىپ بىرىمىز ، ئاندىن[ 下一步 ] (كىيىنكى قەدەم) كۆنۈپكىسىنى باسىمىز، ئۇشۇق بەتلەر چىقۇالغان بولسا Exclude كۆنۈپكىسىنى بېسىپ ئۆچۈرۈۋېتىمىز، كىيىنكى قەدەمدىكى مەشغۇلات تۆۋەندىكىدەك :




13ـ11. رەسىم ←

(4) Add (قوشۇش)كۆنۈپكىسىنى باسساق خەت نۇسخىسى قوشىدۇ، Don't embed كۆنۈپكىسىنى باسساق eot ھاسىل بولۇش – بولماسلىقى بەلگىلىنىدۇ، ئۈستىدىكى E... نىڭ ئاستىدا Yesبولسا ھاسىل بولىدۇ،Noبولسا ھاسىل بولمايدۇ. Subset... كۆنۈپكىسىنى باسساق خەت نۇسخىسى ئىچىدىكى كېرەكلىك ھەرپلەرنى تاللىغلى بولىدۇ(12ـ13. رەسىم)، سىز چوقۇم ئىنگلىزچە ھەرپلەر ۋە ئۇيغۇرچە ھەرپلەرنى تولۇق تاللىشىڭىز كېرەك،باشقا ھەرپلەرنى ئېھتىياجىڭىز بويىچە تاللاپ قويسىڭىز بولىدۇ.




12ـ13. رەسىم

(5)[下一步 ] (كىيىنكى قەدەم) كۆزنۈكىسىنى باسساق 13ـ13. رەسىمدىكىدەك كۆزنەك چىقىدۇ :




13ـ13. رەسىم

بۇكۆزنەكتە ئۈستەدىكى ئورۇندىن eotھۆججەتنى ساقلىنىدىغان ئورۇن تاللايمىز ، ... كۆزنۈكىسىنى باسسىڭىز بولىدۇ . ئاستىدىكى ئورۇنغا بىۋاستە ئۇيغۇرچە كۆرۈنىدىغان بەكەت مەنزىلى تولدۇرۇلىدۇ ، بەت كۆپ بولسا ياكى ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن ...Mirror sites كۆزنۈكىسىنى بېسىپ قوشسىڭىز بولىدۇ ، ئاستىدىكى تۈردىن ئۈستەدىكى ئىككى تۈرنى تاللايمىز، ئەڭ ئاخىردا [ 下一步] (كىيىنكى قەدەم) كۆزنۈكىسىنى بېسىپ ئاخىرلاشتۇرساق بولىدۇ، بۇچاغدا تۆۋەندىكى جۆملىلەر تورىبەتلىرىمىزگە قوشۇلىدۇ .

```
<STYLE TYPE="text/css">
 <!-- /* $WEFT -- Created by: arman (arman799@51.net) on 2005-7-10 -- */
  @font-face {
    font-family: Uyghur;
    font-style:   normal;
    font-weight: normal;
    src: url(UYGHUR0.eot);
  }
-->
</STYLE>
```



چۈشەندۈرۈش :

① يۇقارقى جۈملىلەر سىزبايا تاللاپ بەرگەن توربەت ھۆججەتلىرىڭىزگىلا يېزىلىدۇ،بۇجۈملىلەرنى ئايرىم بىر txt ھۆججەتكە كۆچۈرۈۋېلىپ توربەت ھۆججەتلىرىڭىز ساقلانغان ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىدە ساقلاپ قويۇڭ،ئاندىن

<!--#include file="ھۆججەت نامى" -->

جۈملىسى ئارقىلىق قېپقالغان توربەت ھۆججەتلىرىڭىزگە قىستۇرۇڭ ،بۇنداقتا مەشغۇلات جەريانى ئاددىيلىشىدۇ.

② يۇقارقى مەشغۇلاتلار تاماملانغاندا توربەت ھۆججەتلىرىڭىز ساقلانغان ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىدە كېڭەيتىلگەن نامى eot بولغان بىر ھۆججەت پەيدا بولىدۇ ، بۇھۆججەت ناھايىتى مۇھىم ، توربەت ھۆججەتلىرىڭىزنى توردىكى مۇلازىمېتىرغايوللىغاندا چوقۇم بۇھۆججەتنىمۇ قوشۇپ يوللاڭ، بولمىسا توربەت ھۆججەتلىرىڭىزئۇيغۇرچە كۆرۈنمەيدۇ .

③ بۇخىل تېخنىكا Cookies گە تايىنىدۇ ، شۇڭا Explorer   Internet چوقۇم Cookies نى قوللايدىغان قىلىپ بەلگىلىنىشى كېرەك .

## 3-13. ئۇيغۇرچە توربەت تۈزۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

**1- مەسىلە :**

بەت كودىنىڭ ئوخشاش بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەك .

بىرىنچى بەتتىكى تېكىست رامكىسىغا ئۇيغۇرچە خەت كىرگۈزۈپ ئىككىنچى بەتكە يوللىغاندا ، ئىككىنچى بەتتە ئۇيغۇرچە كۆرۈنمەي ، قالايمىقان ئىنگلىزچە ياكى خەنزۇچە خەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇمەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرئىككى بەتنىڭ كودىنى ئوخشاش قىلىپ ساقلاڭ .

مەسىلەن ، ھەرئىككى بەتنىڭ كودى :

<meta http-equiv="Content-Type" content="text/html; charset=gb2312">

ياكى

```
<meta http_equiv="Content_Type" content="text/html; charset=utf_8">
```

بولسۇن .

**2ـ مەسىلە :**

RequestئوبيېكتىنىڭQuerySting قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ URL نىڭ كەينىدىكى ئۇيغۇرچە ئۇچۇرنى قوبۇل قىلغاندا چۈشۈپ قېلىش خاتالىقى كۆرۈلىدۇ،سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىن ئۇچۇر ئىزدىگەندە ئىزدىمەكچى بولغان ئۇچۇر سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا باربولسىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ، بۇمەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن Server . URLEncode ئۇسۇلىنى ئىشلىتىڭ .

مەسىلەن :

```
<a href="SEARCH.ASP?name=<%=server.URLencode(rs("user_name"))%>" target="_blank"><font
face="Uyghur" color="#000000"><%=rs("user_name")%></font></a>
```

**3ـ مەسىلە :**

بەت كودىنى

```
<meta http_equiv="Content_Type" content="text/html; charset=utf_8">
```

قىلىپ بەلگىلەپ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا Insert جۈملىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرچە ئۇچۇر ساقلانسا، بۇئۇچۇرنى كېيىن بەت يۈزىدە كۆرسەتكەندە سوراق بەلگىسى بولۇپ چىقىۋالىدۇ، بۇمەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن(1) ئۇيغۇرچە ئۇچۇرنى سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ساقلىغاندا Server . HTMLEncode ئۇسۇلىنى ئىشلىتىڭ .

مەسىلەن : varName,varURL,varIntro قاتارلىقلار ئۇيغۇرچە ئۇچۇرنى ئىپادىلەيدىغان ئۆزگەرگۈچى مىقدار دەپ قارايلى ،بۇچاغدا Insert جۈملىسىنى مۇنداق يازىمىز :

```
Dim strSql,varName,varURL,varIntro
varName= Server . HTMLEncode (Request.Form("name") )
varURL= Server . HTMLEncode (Request.Form("URL") )
varIntro= Server . HTMLEncode (Request.Form("intro"))
StrSql="Insert Into link(name,URL, intro,submit_date) Values('" & varName & "','" &
varURL & "','" & varIntro & "',#" & Date() & "#)"
db.Execute(strSql)
```

(2) تۆۋەندىكى كود نى قىستۇرۇپ قويىمىز :

```
<%
Session.CodePage=65001
Response.CodePage=65001
Response.CharSet = "utf_8"
%>
```

## بۇبابتىن خۇلاسە

بىز بۇبابتا توربەتكە ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزۈش ، توربەتنى ئۇيغۇرچە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆگەندۇق ،ئۇيغۇرچە تور بەت لايىھىلەشتە بۇناھايىتى مۇھىم .شۇڭا پۇختا ئۆگىنىڭ .

## 13- كۆنۈكمە

1-ئىشلەپ بېقىڭ

(1) 12- بابتا تۈزگەن سۆزقالدۇرۇش دوسكىسىنى ئۇيغۇرچە تۈزۈڭ.

*تەلەپ :*

*① تېكىست رامكىسىغا ئۇيغۇرچە يېزىق كىرگۈزگىلى بولىدىغان بولسۇن .*

*② كومپيۇتېرىمىزغا ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىسى قاچىلانمىغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا نورمال ئۇيغۇرچە كۆرۈنىدىغان بولسۇن(سىناق قىلغاندا |WINDOWS|Fonts ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىللىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ) .*

*③ Weft Microsoft هاسىل قىلغان كود نى Eot.txt دەپ بىر ھۆججەت قۇرۇپ ساقلاڭ ھەم بۇھۆججەتنى <!--#include file="Eot.txt" --> جۈملىسى ئارقىلىق باشقا ھۆججەتلەرگە قىستۇرۇڭ .*

## ئىلاۋە A: دائىم كۆرۈلىدىغان مۇجمەل مەسىلىلەرگە جاۋاب

Asp ئۆگىنىش جەريانىدا نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇققان بولۇشىڭىز مۇمكىن، قارىسىڭىز پروگراممىڭىزدا ھېچقانداق مەسىلە يوق، لېكىن ئىشلىمەيدۇ، بۇۋاقىتتا باشقىلارنىڭ پروگراممىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ، يەنە بولمىسا توردا باشقىلاردىن ياردەم سوراڭ .

تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى تەھلىل قىلىڭ :

- نېمە ئۈچۈن بارلىق ASP ھۆججەتلىرى نورمال كۆرۈنمەيدۇ ؟
- تەقلىدىي مۇندەرىجە دېگەن نېمە؟
- نېمە ئۈچۈن Response.Write بەلگىلەنگەن ئۈچۈرلارنى توغرا چىقىرىپ بەرمەيدۇ ؟
- نېمە ئۈچۈن Response.Redirect دا كۆرسىتىلگەن بەت ئېچىلمايدۇ ؟
- نېمە ئۈچۈن Session داخاتىرىلەنگەن ئۈچۈرلار تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدۇ ؟
- نېمە ئۈچۈن Session ياكى Application ئوبيېكتى ئارقىلىق سان گۇرۇپپىسىنى ساقلىغاندا خاتالىق كۆرۈلىدۇ ؟
- نىسپىي ئادرېس ۋە مۇتلەق ئادرېس دېگەن نېمە؟
- تەقلىدىي ئادرېس ۋە فىزىكىلىق ئادرېس دېگەن نېمە؟
- نېمە ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلىغاندا خاتالىق چىقىدۇ ؟
- نېمە ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا خاتىرە قوشقىلى، تۈزەتكىلى بولمايدۇ ؟
- نېمە ئۈچۈن ھۆججەت ساقلاش- ئوقۇش بىرىكمىسى بىلەن يىڭىدىن ھۆججەت ياكى ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇغىلى بولمايدۇ؟
- نېمە ئۈچۈن ھۆججەتنى يوللىغىلى بولمايدۇ؟
- بەزى بەلگىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈلىشى.

- ئاپتوماتىك رەت نومۇرى تىپى ھەققىدە .
- SQL ھەرپ ـبەلگىللىرى ھەققىدە .

تۆۋەندە تەرتىپ بويىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ .

1. نېمە ئۈچۈن بارلىق Asp ھۆججەتلىرى نورمال كۆرۈنمەيدۇ ؟

بەلكىم ئىجرا بولۇش مۇھىتى توغرا قاچىلانمىغان بولۇشى مۇمكىن .

2ـ بابتىكى ئىجرا بولۇش مۇھىتىنى قاچىلاشقا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى كۆرۈپ بىقىڭ ھەمدە كۆزەتكۈچ بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ Asp ھۆججەتلىرىنى زىيارەت قىلىڭ.

2. تەقلىدىي مۇندەرىجە دېگەن نېمە ؟

تور بېكەت قۇرۇشتا يىڭىدىن بىر ھۆججەت قىسقۇچ قۇرۇلىدۇ ھەمدە تەقلىدىي مۇندەرىجە قۇشۇلىدۇ. شۇنداقلا بۇبىر ئەمەلىي پروگراممىا ھىسابلىنىلىدۇ.

تەقلىدىي مۇندەرىجە نامى ھۆججەت قىسقۇچ نامى بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئوخشاش بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، كونكرېتنى قوشۇش ئۇسۇلى 2ـ1ـ3 ، 5ـ3ـ1. پاراگرافلاردا چۈشەندۈرۈلدى .

3 . نېمە ئۈچۈن Response.Write بەلگىلەپ بەرگەن ئۈچۈرلارنى توغرا چىقىرالمايدۇ ؟

Response.Write ھەرپ ـ بەلگىلەر ۋە ئۆزگەرگۈچى مىقدار قىممەتلىرىنى چىقىرىپ بىرىشتە ئىشلىتىلىدۇ.4ـ3ـ2.پاراگرافتا يەنە بۇئۇسۇل HTML ئېلېمېنتلىرىنى چىقىرىشتا ئىشلىتىلدى، بەزىدە دىققەتسىزلىكتىن خاتالىق چىقىدۇ، مەسىلەن تۆۋەندىكى جۈملە خاتا:

<%      Response.Write  "<a href='<%= URL%>'>ئۇلىنىش</a>"       %>

جۈملىدە ئۇلىنىش چىقىرىلماقچى ، تاق چەككەندە ئۆزگەرگۈچى مىقدار URL ئىپادىلىگەن تور ئادرېسىغا ئۇلىنىدۇ، بىراق بۇ يەردە <% بىلەن %> ئورۇنسىز ئىشلىتىلگەن ، شۇڭا خاتالىق چىقىدۇ.

بۇنى توغرا يېزىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار :

<%      Response.Write  "<a href=' "  & URL & " '>ئۇلىنىش</a>"       %>

ياكى

<a href="<%= URL%>">ئۇلىنىش</a>

4. نېمە ئۈچۈن Response.Redirect دە كۆرسىتىلگەن بەت ئېچىلمايدۇ ؟

Response.Redirect دىن پايدىلىنىپ ئابونتنى باشقا بەتلەرگە يېتەكلىگىلى بولىدۇ ، لېكىن بەزىدە خاتالىق چىقىدۇ ،بومەسىلىنى ھەل قىلىشتا مۇشۇ جۈملە يېزىلغان ھۆججەتنىڭ باش قۇرىغا تۆۋەندىكى جۈملىنى يېزىش كېرەك :

<% Response.Buffer=True         %>

5. نېمە ئۈچۈن Session دا ساقلانغان ئۇچۇرلار تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىدۇ ؟

بۇ مەسىلە 5ـ1ـ4. پاراگرافتا تىلغا ئېلىندى، Session ئوبيېكتى ئۇچۇرلارنى ۋاقىتلىق ساقلايدۇ ، ئىناۋەتلىك ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ساقلانغان ئۇچۇرلار يوقاپ كېتىدۇ .

ئادەتتە سىستېما بوئوبيېكتنىڭ ئىناۋەتلىك ۋاقتىنى 20 مىنۇت قىلىپ بەلگىلەيدۇ ، بۇنى ئۆزىمىز ئۆزگەرتىپ قويساقمۇ بولىدۇ . 5ـ1ـ4. پاراگرافنى تەپسىلىي كۆرۈڭ .

6. Session ياكى Application ئوبيېكتى ئارقىلىق سان گۇرۇپپىسى ساقلىغاندا نېمە ئۈچۈن خاتالىق كۆرۈلىدۇ ؟

Session ياكى Application ئوبيېكتى ئارقىلىق سان گۇرۇپپىسى ساقلاشقا بولىدۇ، ساقلىغاندا سان گۇرۇپپىسى چوقۇم بىرپۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ساقلىنىشى ھەم ئوقۇپ چىقىرىلىشى كېرەك ، 5ـ1ـ3. پاراگراف بىلەن 5ـ2ـ3. پاراگرافنى تەپسىلىي كۆرۈڭ .


7. نىسپىي ئادرېس (يول ) ۋە مۇتلەق ئادرېس(يول ) دېگەن نېمە؟

بېشىدا « \ » بەلگىسى بولغان ئادرېس مۇتلەق ئادرېس بولىدۇ، بۇ غول مۇندەرىجىدىن باشلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، ئەمما بېشىدا « \ » بەلگىسى بولمىغان ئادرېس نىسپىي ئادرېس بولىدۇ، بۇ نۆۋەتتىكى مۇندەرىجىدىن باشلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ .

تورىەت لايىھىلەشتە بۇئىككىسىنىڭ مەنىسى ، رولى ، ئەھمىيىتى ئاساسەن ئوخشاش ، لېكىن غول مۇندەرىجە ھەمىشە \:C ياكى \:D دىسكىنىڭ غول مۇندەرىجىسى بولمايدۇ ، بۇيەردە« D:\Inetpub\wwwroot » غول مۇندەرىجە ھېسابلىنىدۇ .

تۆۋەندە تەپسىلىي بىر مىسال كۆرسىتىمىز :

ناۋادا غول مۇندەرىجىنىڭ تۈزۈلۈشى 1ـA . رەسىمدىكىدەك بولسا :




1ـA. رەسىم : مۇندەرىجىنىڭ تۈزۈلۈشى

3.asp ھۆججەتتىكە باشقا ھۆججەتلەرنى ئۇلاشقا توغراكەلگەندە باشقا asp ھۆججەتلىرى بىلەن 3.asp نىڭ مۇناسىۋىتىگە دىققەت قىلىش كېرەك .

1.asp ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مۇندەرىجىدە (ھۆججەت قىسقۇچتا) ، 2.asp يەنە باشقا بىر مۇندەرىجىدە (ھۆججەت قىسقۇچتا) ، 3.asp بىلەن 4.asp ئوخشاش بىر مۇندەرىجىدە (ھۆججەت قىسقۇچتا) ، 5.asp ئاستىنقى قەۋەتتىكى مۇندەرىجىدە (ھۆججەت قىسقۇچتا) .

تۆۋەندە ئاۋۋال نىسپىي ئادرېس يېزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇلايمىز :

```
<html>
<head>
<title> ئاددىي بىر aspپروگراممىسى</title>
</head>
<body>
<a href ="..\1.asp">1.asp</a>
<a href ="..\TA\2.asp">2.asp</a>
<a href ="4.asp">4.asp</a>
<a href ="TD/5.asp">5.asp</a>
</body>
</html>
```



چۈشەندۈرۈش : ① نىسپىي ئادرېس يېزىش ئۇسۇلى ئىشلىتىلگەندە [. .] ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مۇندەرىجىگە قايتىشنى ئىپادىلەيدۇ ، ئەگەر يەنىمۇ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى مۇندەرىجە ئىچىدىكى ھۆججەتكە ئۇلىماقچى بولساق [\..\..] قىلىپ يازىمىز .

② ئەگەر نۆۋەتتىكى مۇندەرىجە ئىچىدىكى ھۆججەت قىسقۇچتىكى ھۆججەتكە ئۇلىماقچى بولساق بىۋاستە ھۆججەت قىسقۇچ نامىنى يازىمىز .

③ ئەگەر ئوخشاش بىر مۇندەرىجە ئىچىدىكى ھۆججەتلەرنى ئۇلىماقچى بولساق بىۋاستە ھۆججەت نامىنى يازىمىز .

④ ئۇندىن باشقا بۇيەردە [\] بىلەن [/] نىڭ رولىنىڭ ئوخشاشلىقىغا دىققەت قىلىڭ .

ئەمدى تۆۋەندە مۇتلەق ئادرېس يېزىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇلايمىز :

```
<html>
<head>
<title> ئاددىي بىر asp پروگراممىسى</title>
</head>
<body>
<a href ="\asptemp\1.asp">1.asp</a>
<a href ="\asptemp\TA\2.asp">2.asp</a>
<a href ="\asptemp\TB\4.asp">4.asp</a>
```

```
<a href ="\asptemp\TB\TD\5.asp">5.asp</a>
</body>
</html>
```



چۈشەندۈرۈش :

① ئەگەر ھۆججەت ئۇلاشتا مۇتلەق ئادرېس ئىشلىتىلسە بېشىغا چوقۇم [\] قويۇلۇشى كېرەك .

② مۇتلەق ئادرېس بىلەن نىسپىي ئادرېسنى سېلىشتۇرساق ، نىسپىي ئادرېس قۇلايلىق ،ئۇ ئىشلىتىلگەندە پروگرامما باشقا مۇندەرىجىگە ( ھۆججەت قىسقۇچقا ) يۆتكەلسىمۇ خاتالىق كۆرۈلمەيدۇ.

8. تەقلىدىي ئادرېس ۋە فىزىكىلىق ئادرېس دېگەن نېمە؟

فىزىكىلىق ئادرېس – ھۆججەتنىڭ مولازىمېتىردا ساقلانغان ئەمەلىي ئورنىنىڭ ئادرېسىنى كۆرسىتىدۇ ، مەسىلەن : يۇقاردا تىلغا ئېلىنغان 3.asp ھۆججىتىنىڭ فىزىكىلىق ئادرېسى :

D:\Inetpub\wwwroot\asptemp\TB\3.asp

بىراق مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن تەقلىدىي ئادرېس ئىشلىتىلىدۇ ، ئەمەلىيەتتە يۇقاردا تىلغا ئېلىنغان نىسپىي ئادرېس ، مۇتلەق ئادرېسلارنى تەقلىدىي ئادرېسقا ئايلاندۇرىۋېتىشكە بولىدۇ .

مەزكۇر ھۆججەتنىڭ تەقلىدىي ئادرېسى : \asptemp\TB\3.asp

ھۆججەت ئوقۇش-ساقلاش بىرىكمىسىدىن پايدىلىنىپ ھۆججەت ئوقۇشتا ياكى سانلىق – مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاشتا ھەمىشە Server ئوبيېكتىنىڭ Mappath ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ھۆججەتنىڭ تەقلىدىي ئادرېسى فىزىكىلىق ئادرېسقا ئايلاندۇرىلىدۇ ، كونكرېتنى بىرمىسال كۆرەيلى :

```
<html>
<head>
<title> ئاددىي بىر asp پروگراممىسى</title>
</head>
<body>
<%
'        بىرىنچى خىل ئۇسۇل
Response.Write Server.Mappath("..\1.asp") & "<br>"
Response.Write Server.Mappath("..\TA\2.asp") & "<br>"
Response.Write Server.Mappath("4.asp") & "<br>"
Response.Write Server.Mappath("TD\5.asp") & "<br>"
%>

<%
```

```
'        ئىككىنچى خىل ئۇسۇل
Response.Write Server.Mappath("\asptemp\1.asp") & "<br>"
Response.Write Server.Mappath("\asptemp\TA\2.asp") & "<br>"
Response.Write Server.Mappath("\asptemp\TB\4.asp") & "<br>"
Response.Write Server.Mappath("\asptemp\TB\TD\5.asp") & "<br>"
%>
</body>
</html>
```

---

9. نېمە ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلىغاندا خاتالىق چىقىدۇ ؟

سانلىق مەلۇمات مەنبەسىدىن پايدىلىنىپ سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلىغاندا ئاسانلىقچە خاتالىق چىقمايدۇ ، كىتابىمىزدا تىلغا ئېلىنغان سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى ئۇلاش شەكىللىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلىڭ ، بولۇپمۇ بىۋاستە ئۇلاش جۈملىسى يازغاندا قۇيۇلىدىغان بوشلۇققا دىققەت قىلىڭ ، مەسىلەن : Driver بىلەن (*.mdb) ئارىلىقىغا چوقۇم بوشلۇق قويۇلۇشى كېرەك .

ئۇنىدىن باشقا يەنە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتىنىڭ نامى، ئادرېسى خاتا يېزىلىپ قالمىسۇن ، كىتابىمىزنىڭ قوشۇمچە ئويتىك دىسكىسىدا پروگرامما ھۆججەتلىرى بىلەن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتى ئوخشاش بىر ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىگە قويۇلغان ، شۇڭا ئۇلاشتا بىۋاستە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتىنىڭ ئادرېسى ، نامى يېزىلدى ، مەسىلەن :

---

```
<%
Dim db,ConnStr
ConnStr="Dbq="&Server.Mappath("guest.mdb")&";Driver={Microsoft Access
Driver (*.mdb)}"
Set db=Server.CreateObject("ADODB.Connection")
db.Open ConnStr
%>
```

---

ناۋادا پروگراممىا ھۆججەتلىرى بىلەن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتى ئوخشاش بىر ھۆججەت قىسقۇچ ئىچىدە بولمىسا ("Server.Mappath("guest.mdb قىلىپ يېزىشقا بولمايدۇ، چوقۇم 8. سوئالدا ئېيتىلغاندەك يېزىش كېرەك .

10. نېمە ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدىكى جەدۋەلگە خاتىرە قوشقىلى ياكى خاتىرىنى تۈزەتكىلى بولمايدۇ؟

بۇمەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتىنىڭ خاسلىقىنى ئېچىپ 只读 (ئوقۇشقىلابولىدۇ ) دېگەن تۈردىكى «√»بەلگىسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك .

Windows xp ياكى 2000 Windows مەشغۇلات سىستېمىسى مولازىمېتىرغا NTFS فورماتتا قاچىلانغان بولسا سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھۆججىتى خاسلىقىنى EveryOne(ھەرقانداق كىشى تولۇق كونترول قىلالايدىغان )قىلىپ بەلگىلەش كېرەك . .( A ـ2. رەسىم)

11. نېمە ئۈچۈن ھۆججەت ساقلاش- ئوقۇش بىرىكمىسى بىلەن يىڭىدىن ھۆججەت ياكى ھۆججەت قىسقۇچ قۇرغىلى بولمايدۇ؟

بۇمەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنىلا ھۆججەت ساقلىنىدىغان ھۆججەت قىسقۇچنىڭ خاسلىقىنى ئېچىپ 只读 (ئوقۇشقىلابولىدۇ ) دېگەن تۈردىكى «√»بەلگىسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك .

Windows xp ياكى Windows 2000 مەشغۇلات سىستېمىسى مولازىمېتىرغا NTFS فورماتتا قاچىلانغان بولسا ھۆججەت ساقلىنىدىغان ھۆججەت قىسقۇچنىڭ خاسلىقىنى EveryOne(ھەرقانداق كىشى تولۇق كونترول قىلالايدىغان )قىلىپ بەلگىلەش كېرەك . .( A ـ2. رەسىم)

12. نېمە ئۈچۈن ھۆججەتنى يوللىغىلى بولمايدۇ؟

بۇمەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنىلا ھۆججەت يوللىنىدىغان نىشان ھۆججەت قىسقۇچنىڭ خاسلىقىنى ئېچىپ 只读 (ئوقۇشقىلابولىدۇ ) دېگەن تۈردىكى «√»بەلگىسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك .

Windows xp ياكى Windows 2000 مەشغۇلات سىستېمىسى مولازىمېتىرغا NTFS فورماتتا قاچىلانغان بولسا ھۆججەت يوللىنىدىغان نىشان ھۆججەت قىسقۇچنىڭ خاسلىقىنى EveryOne(ھەرقانداق كىشى تولۇق كونترول قىلالايدىغان )قىلىپ بەلگىلەش كېرەك .( A ـ2. رەسىم)

13. بەزى ھەرپ – بەلگىلەر ھەققىدە چۈشەندۈرۈش

Asp پروگراممىلىرىنى تۈزگەندە ھەرپ – بەلگىلەرنى ئىنگلىزچە يېزىق كىرگۈزۈش ھالىتىدە تۇرۇپ كىرگۈزۈش كېرەك .

قوش پەش [" "] : پروگراممىدا ئىشلىتىلگەن ھەرپ- بەلگىلەرنى جەزمەن قوش پەش [" "] ياكى پەش [' ']ئىچىگە يېزىش كېرەك ،بىراق ئىشلەتكەن قوش پەش [" "] ئىچكى قەۋەتتىكى تىرناققا (' ') قا ۋەكىللىك قىلىشى كېرەك .

كىتابىمىزدا مىسال قىلىنغان پروگراممىلاردا ئىشلىتىلگەن [" "] بىلەن [” “]ئوخشاش ،[ ‘ ’] بىلەن [' '] ئوخشاش .

ھۆججەتنىڭ ئادرېسىنى يېزىشتا [\] بىلەن [/]ئوخشاش .

تىرناق ( ) : فۇنكسىيە ياكى ئۇسۇللارنى ئىشلەتكەندە بەزىدە تىرناقنى قالدۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ، بەزىدە قالدۇرۇۋېتىلسە بولمايدۇ . مەسىلەن : ()Date نى ئىشلەتكەندە تىرناقنى قالدۇرۇۋېتىشكە بولىدۇ .

14. ئاپتوماتىك رەت نومۇر تىپى ھەققىدە


Access سانلىق مەلۇمات ئامبىرىدا خەت بۆلىكى تىپىنى « ئاپتوماتىك رەت نومۇر » قىلىپ بەلگىلەشكە بولىدۇ،بۇخىل تىپ سانلىق قىممەت تىپىغا تەۋە ، بىرخاتىرە قوشقاندا ، ئۆزلىكىدىن بىرسان ئاشىدۇ ياكى بىرسان پەيدا بولىدۇ ، خاتىرە ئۆچۈرگەندە ئاپتوماتىك رەت نومۇر خەت بۆلىكى قىممىتى ئۆزگەرمەيدۇ ياكى داۋاملىق بىرسان ئاشىدۇ . كۆپچىلىك Access سانلىق مەلۇمات ئامبىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرسە بولىدۇ .

15. SQL ھەرپ ـ بەلگىللىرى ھەققىدە

سانلىق مەلۇمات ئامبىرىغا ئۇچۇر ساقلاش-ئوقۇشتا خاتالىق كۆپىنچە SQL ھەرپ ـ بەلگىللىرىدىن چىقىدۇ ، شۇڭا SQL ھەرپ ـ بەلگىللىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تىرناق قويۇشقا دىققەت قىلىش لازىم .

سانلىق مەلۇماتنىڭ تىپى چىسلا تىپلىق بولغاندا [# #] بەلگىسى قويۇلىدۇ ([" "] قويۇشقىمۇ بولىدۇ ) .

كۆپچىلىك SQL جۈملىللىرىنىResponse.Write strsql جۈملىسىدىن پايدىلىنىپ ھەم Access ئاختۇرۇش كۆزنىكى (查询窗口) گە چاپلاپ خاتالىقلارنى تەكشۈرۈپ كۆرسە بولىدۇ .




A_2. رەسىم ←

## ئىلاۋە B: ASP ماتېرىياللىرى تور بېكەتلىرى

(1) 尚俊杰 خۇسۇسىي تور بېكىتى http://www.jjshang.com

بۇ توربېكەتتە مۇشۇ كىتاب ئاپتورىنىڭ خۇسۇسىي تور بېكىتى ، ئوقۇتقۇچى – ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنازىرە باغچىسى ، بۇ توربېكەتتە Asp گە دائىر ماتېرىياللار تولۇق .

(2) ئاۋانگارت(动网先锋) تورى http://asky.net

بۇتوربكەت نۇرغۇن ئوقۇتۇش ماتېرىياللرى ۋە ئەسلىي پروگراممىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول .

(3) جوڭگو Asp مولازىمەت تور بكتى http://www.chinaasp.com/

بۇناھايىتى ياخشى asp تور بكتى ، بولۇپمۇ ئۆتېخنكا مۇنبرى ، بۇيەردە ئاساسەن ھەل قلغلى بولمايدىغان مەسىلە يوق .

(4) جوڭگو زىرەك تېخنكا تور بكتى http://www.chinaasp.com/components

بۇتوربكەت ھەقسىز ئەسلى پروگراما كودى ۋە ھەرخىل بىرىكمىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ .

(5) توربەت(Web) تۈزۈش تېخنىكىسى دەرسلىكى تور بكتى http://www.luoping.363.net/

بۇتوربكەتasp دەرسلىكى ، ھەقسىز ئەسلى پروگراما كودى ۋە ھەرخىل بىرىكمىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ ، چۈشۈرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

(6)توردىكى asp ئۆگىنىش باغچىسى http://learnasp.com

بۇتوربكەتمۇ asp دەرسلىكى ، ھەقسىز ئەسلى پروگراما كودى ۋە ھەرخىل بىرىكمىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ ، چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ .

(7) تور دەرسخانىسى http://hd_www.he.cninfo.net/wsxx/tiandi/index.htm

بۇتوربكەتمۇ asp دەرسلىكى ، ھەقسىز ئەسلى پروگراما كودى ۋە ھەرخىل بىرىكمىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ ، چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ .

http://www.learnasp.uhome.net LearnASP (8)

بۇ ئىنگلىزچە توربىكەت ، مۇھىم بىرىكمىلەر ۋە ماقالىلەر بار .

http://www.asphole.com ASPhole (9)

بۇ ئىنگلىزچە توربىكەت ،ھەرخىل بىرىكمىلەر ، ماقالىلەر ، كىتاب- ئۈچۈرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ .

http://www.15seconds.com 15seconds (10)

بۇتوربىكەت asp بىلىملىرى بىلەن تەمىنلىمىسىمۇ لېكىن تورغا ئالاقىدار نۇرغۇن بىلىملەر بار .

http://www.aspcn.com (11) جوڭخۇا asp تور بېكىتى

بۇ توربىكەتتە ھەرخىل بىرىكمىلەر ، ماقالىلەربار .

http://www.net.cn (12) جوڭگۇ قابىللار تورى بېكىتى

(13)ئەگەر خەلقئارالىق ئىسىم ، توربوشلۇقى ئىلتىماس قىلماقچى بولسىڭىز زىيارەت قىلىپ بېقىڭ ، خېلىلار موقىم ، ئىشەنچلىك ، ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇن ماتېرىياللارنى http://www.google.com دىن ئىزدىسىڭىز تاپالايسىز .

## ئىلاۋە C: HTML تىلىدىن ئاددىي ساۋات

HTML تىلى بىرخىل ئالاھىدە تېكىست بەلگە تىلى ،ئۇنىڭدا HTML ئېلېمېنتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان يېزىق ياكى شەكىلنىڭ خاسلىقى ئىشلىتىلىدۇ FrontPage بىلەن تور بەت تۈزۈش ئەمەلىيەتتە HTML تىلى بىلەن توربەت تۈزگەنلىك بولىدۇ .

تۆۋەندە ئاددىي مىساللار بىلەن بىرقىسىم كۆپ ئىشلىتىلىدىغان HTML ئېلېمېنتلىرىنى چۈشەندۈرىمىز .

### ئىلاۋە C_1. HTML ھۆججەتنىڭ تۈزۈلۈشى

HTML ھۆججەتنىڭ تۈزۈلۈشى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ باش بۆلەك ۋە ئاساسى گەۋدىدىن تەركىب تاپىدۇ .

تۈزۈلۈشى ناھايىتى ئېنىق ،مەسىلەن :

```
<html>
<head>
<title> title </title>
باش بۆلەك
</head>
<body>
ئاساسى گەۋدە
</body>
</html>
```

HTML جۈملىلىرى ئىنگلىزچە تاق سۆز ياكى ھەرپ ھەم "< >" قاتارلىق بەلگىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئىنگلىزچە تاق سۆز ياكى ھەرپ ئېلېمېنت دەپ ئاتىلىدۇ ، "< >" قاتارلىقلار شەرتلىك بەلگە دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى ئېلېمېنتلار جۈپ بولۇپ كېلىدۇ ، مەسىلەن : <ئېلېمېنت/>.......<ئېلېمېنت>

ئالدىنقىسى ئېلېمېنت رولىنىڭ جارىي بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ، كېيىنكىسى ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى ئېلېمېنتلارىيەككە هالەتتە تۇربدۇ ، HTML جۈمللىرىنى يازغاندا هەربىلەرچوڭ – كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ ، ئارىلاشتۇرۇپ يېزىشقا بولىدۇ.

## ئىلاۋە C_2.     ئەمەلىي مىسال

تۆۋەندە بىرمىسال كۆرستىمىز .

---

```
<html>
<head>
<title> 我的个人网页</title>
</head>
<body>

<p align="center"><font face="隶书" color="#0000FF"   size=30 >我的个人网页</font></p>
<p align="justify"><a href="我的简历.htm">个人简历</a></p>
<p align="justify"><a href="http://www.puk.edu.cn">我的母校</a></p>
<p align="justify"><a href="mailto:26645828@qq.com">我的信箱</a></p>
<p align="justify">我的经历</p>
<ul>
    <li>
    <p  align="justify">1988_1993  北京小学     读小学</p></li>
    <li>
    <p  align="justify">1993_1996  北京中学     读中学   </p>
    </li>
    <li>
    <p  align="justify">1996_1999  北京大学     读本科</p></li></ul>
<p><img src="nbg1.jpg" width="200" height="138" alt="1828.jpg">
<p align="left">我的好友
<table border="1" width="72%" >
<cation>  我的好友  </cation>
    <tr>
        <td width="26%">张三  </td>
        <td width="74%">清华  </td>
```

```
    </tr>
    <tr>
              <td width="26%">李四    </td>
         <td width="74%">人大    </td>
    </tr>
</table>
<hr>
<p>欢迎与我们联系
<br>敬请提出宝贵意见
</body>
</html>
```

ئىجرا بولغاندىكى كۆرۈنۈش Cـ1. رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك .




Cـ1. رەسىم

## ئىلاۋە C-3. HTML ئېلېمېنتى

HTML ئېلېمېنتى ھۆججەتنىڭ بېشىغا ۋە ئاخىرىغا ئىشلىتىلىدۇ .

<html>........</html>

ئۇ HTML ھۆججىتىنىڭ باش بۆلىكى ۋە تېكىست بۆلىكىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ .

## ئىلاۋە C-4. HTML ھۆججىتىنىڭ باش بۆلىكى

(1) head ئېلېمېنتى

بۇئېلېمېنت HTML ھۆججىتىدىكى بىرقىسىم تۇراقلىق ئۇچۇرلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ ،بۇبىرقىسىم ئۇچۇرلارتوربەتنى زىيارەت قىلغاندا كۆرسىتىلمەيدۇ .

بۇئېلېمېنت title, base قاتارلىق بىرقىسىم تارماق ئېلېمېنتلار ئۆزئىچىگە ئالغان .

<title> بىلەن </title> ئارىلىقىغا كۆزنەكچىنىڭ تېما ئىستونىدا كۆرسىتىلىدىغان مەزمۇن يېزىلىدۇ،بۇنۇۋەتتىكى بەتنىڭ تېمىسى ھېسابلىنىدۇ .بۇ ئارىلىققا يېزىلغان ھەرپ – بەلگىلەرسانى 64 دانىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

head ئېلېمېنتىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

<head>......</head>

(1) title ئېلېمېنتى

ھەربىرHTML بېتىدە بىر تېما بولۇشى كېرەك، ئۇ تېكىست بۆلىكى ئەمەس، كۆزەتكۈچ كۆزنىكىنىڭ تېما ئىستونىدا كۆرسىتىلىدىغان بىر بۆلەك ئۇچۇر.

تېما بولغاندىلا زىيارەت قىلغانلار توربەت مەزمۇنىنى ئاسانلا چۈشىنىدۇ .

title ئېلېمېنتىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

< title >تېما ئىستونىدا كۆرسىتىلىدىغان مەزمۇن</ title >


## ئىلاۋە C-5. HTML ھۆججىتىنىڭ تېكىست بۆلىكى

(1) body ئېلېمېنتى

HTML ھۆججىتىنىڭ تېكىستى ئادەتتە body ئېلېمېنتىنىڭ ئارىلىقىدا .

body ئېلېمېنتىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

< body >تېما ئىستونىدا كۆرسىتىلىدىغان مەزمۇن</ body >



چۈشەندۈرۈش :

body ئېلېمېنتى بىلەن بەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈش رەسىمىنى ،رەڭگىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ .

مەسىلە:

<body bgcolor="#0000FF">.......</body>

(2) ماۋزۇ

ماۋزۇبىلەن تېكىست ئوخشىمايدۇ ، تېكىست خەت نومۇرىنى 1دىن 7 گىچە بەلگىلەشكە بولىدۇ ، ماۋزۇنى <h1> دىن <h6> گىچە بەلگىلەيمىز ، مەسىلەن :

<h1>ماۋزۇ</h1>

## ئىلاۋە C_6. يېزىق

(1) خەت نۇسخىسى ئېلېمېنتى font

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

<font>يېزىق</font>

مەسىلەن :

<font face="隶书" color="#0000FF" size=30 >我的个人网页</font>

(2) ئالاھىدە بەلگە

كۇنۇپكا تاختىسىدا بولمىغان ئالاھىدە ھەرپ بەلگىلەرنى ئىپادىلەشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى بار .

بىرى ASCII نومۇرى ئارقىلىق ئىپادىلەش ،مەسىلەن : «ئۇيغۇر» دېگەن خەت HTML ھۆججىتىدە ASCII نومۇرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ مۇنداق كۆرۈنىدۇ :

<font face="UKIJ Esliye">ئۇيغۇر</font>

يەنە بىرى ئەينەن ئىپادىلەش ، ئىنگلىزچە ھەرپلەر ئەينەن ئىپادىلىنىدۇ ، ASCII نومۇرىنى ئىشلىتىش ھاجەتسىز .

(3)ئابزاسلارغا بۆلۈش ۋە قۇرئالمىشىش

ئابزاسلارغا بۆلۈش بەلگىسى: <p> ، بۇبەلگەيېڭى بىرئابزاس باشلانغاندا ئىشلىتىلىدۇ ، باشلاش بەلگىسىنى ئىشلىتىش شەرت ، ئاخىرلاشتۇرۇش بەلگىسىنى قىسقارتىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

<p>....... </p>

قۇرئالمىشىش بەلگىسى: <br> ، بۇبەلگەيېڭى بىرقۇر باشلانغاندا ئىشلىتىلىدۇ ، باشلاش بەلگىسىنى ئىشلىتىش شەرت ، ئاخىرلاشتۇرۇش بەلگىسىنى قىسقارتىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

<br>....... </br>

(4) خەتنى بېزەش بەلگىسى

بۇبەلگىلەر جۈپ بولۇپ كېلىدۇ ، خەتنى بېزەشتە ئىشلىتىلىدۇ ، دائىم ئىشلىتىلىدىغانلىرى :

<b> ….</b> خەتنى توملاشتۇرىدۇ

<i>……</i>خەتنى يانتۇلاشتۇرىدۇ

<u>…..</u> خەت ئاستىغا سىزىق پەيدا قىلىدۇ

(5) گورىزونتال سىزىق قىستۇرۇش

گورىزونتال سىزىق بەلگىسى: < hr > ، ئاخىرلاشتۇرۇش بەلگىسى ئىشلىتىش ھاجەتسىز .

ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

<hr>

## ئىلاۋە C_7. رەت

<ul>ياكى<ol> لەر رەت بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ ، بۇلارنى ئىشلەتكەندە چوقۇم جۈپ قىلىپ ئىشلىتىش كېرەك، ئەگەر <ul> ئىشلىتىلسە ئالدىغان «*» بەلگىسىنى ، ئەگەر < ol > ئىشلىتىلسە ئالدىغان 1،2،3.... قاتارلىقلارنى قوشۇپ قويۇشقا بولىدۇ،< li > ئىشلىتىلسە بىر قارا چېكىت چىقىدۇ ،بۇلاربىر رەتنى (تۈر) ئىپادىلەيدۇ ،مەسىلەن :

<ul>

<li> بىرىنچى رەت </li>

```
<li>  ئىككىنچى رەت  <li>
<li>  ئۈچىنچى رەت  <li>
......
</ul>
```

## ئىلاۋە C-8.  جەدۋەل

جەدۋەل قۇر ۋە ئىستوندىن تۈزۈلىدۇ . ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

```
<table>
<caption> جەدۋەل ماۋزۇسى</caption>
    <tr>
        <td>.....</td>
    </tr>
    <tr>
        <td>……..   </td>
………..
        </tr>
    <tr>
        <td>……..   </td>
    ……….
        </tr>
</table>
```

جەدۋەل<td>،<tr>,<caption>,<table> قاتارلىق ئېلېمېنتلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى<caption> جەدۋەل ماۋزۇسىنى ، <tr></tr> بىر قۇرنى ، <td> </td> بىر ئىستوننى ئىپادىلەيدۇ .

## ئىلاۋە C-9.  ئۇلىنىش

توربەتنى زىيارەت قىلغاندا مائۇس ئىسترېلكىسى مەلۇم يېزىق ياكى شەكىللەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا قولنىڭ شەكلىگە ئۆزگىرىدۇ ،بۇ بىر ئۇلىنىشنى ئىپادىلەيدۇ ،تاق چەككەندە مۇناسىۋەتلىك بەتلەر ئېچىلىدۇ .

ئادەتتە بۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى :

```
<a خاسلىق>يېزىق ياكى رەسىم</a >
```

مەسىلەن :

```
<a href="URL">يېزىق ياكى رەسىم   </a>
```

URL(Universal Resource Locator) زىيارەت قىلىدىغان ئۇچۇر مەنبەسىنىڭ تىپىنى (كىلىشىمى)،ئادرېسىنى ۋە ھۆججەت نامىنى ، نىسپىي ئادرېسىنى ، مۇتلەق ئادرېسىنى(ئوخشىمىغان مۇلازىمېتىرلاردا) ئۆزئىچىگە ئالسا بولىدۇ .

دائىم ئىشلىتىلىدىغان URL تىپلىرى تۆۋەندىكىچە :

http://----- http://www.163.com

ftp://----- ftp:// www.163.com/g32e01.exe

telnet://----- telnet://162.105.137.100

mailto----- mailto:mama@163.com

مەسلەن :

<a href="我的简历.htm">个人简历</a>

<a href="http://www.puk.edu.cn">我的母校</a>

<a href="mailto:26645828@qq.com">我的信箱</a>

## ئىلاۋە C-10. رەسىم قىستۇرۇش

رەسىم قىستۇرۇش ناھايىتى ئاددىي ، بۇنىڭ ئۇسۇلى :

<img خاسلىق>



چۈشەندۈرۈش :

رەسىم (img) ئېلېمېنتىنى جۈپ قىلىش ھاجەتسىز ، ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ خىل خاسلىقى بار :

src=" رەسىم ھۆججىتىنىڭ نامى" رەسىم ھۆججىتىنىڭ نامىنى ياكى ئادرېسىنى يېزىشقا بولىدۇ .

align=bottom ياكى middle ياكى top رەسىم بىلەن يېزىقنىڭ ئورۇن مۇناسىۋىتى چىقىرىلىدۇ .

alt=" رەسىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېزىق"

ناۋادا رەسىمنى كۆرسەتكىلى بولمىسا رەسىم ئورنىغا « رەسىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېزىق » چىقىدۇ .

مەسلەن :

<img src="pics/nbg1.jpg" alt="hello !!!" align="top">

رەسىم ھۆججىتىنىڭ نامى nbg1.jpg, بۇھۆججەت pics ھۆججەت قىسقۇچىنىڭ ئىچىدە ، ئورنى تېكىستنىڭ سول تەرەپ چوققىسىدا ، رەسىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغان يېزىق : «hello !!!»

## ئىلاۋە C-11. رامكا

رامكا---- رەسىم يېزىق رامكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ . تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ :

```
<frameset cols="20%,*"></frameset>
    <frame name="left"  target="right"  src=" left.htm " >
    <frame name="right" src=" right. htm ">
    <noframes>
        <body>
            对不起，您必须使用支持框架页的浏览器
        </body>
    </noframes>
</frameset>
```

يۇقاردا مىسال قىلىنغىنى ئىنتايىن ئاددىي بىر رامكا ،ئۇ ئوڭ – سول ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن ، right. htm بىلەن left.htm ھۆججىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ، سول تەرەپ رامكىدىكى ئۇلىنىشنى تاق چەككەندە مۇناسىۋەتلىك بەت ئوڭ تەرەپتىكى رامكىدا ئېچىلىدۇ .

ئەگەر ئابونت كۆزەتكۈچىسى رامكىنى قوللىمىسا، ئەسكەرتىش ئۇچۇرى چىقىدۇ.

### ئىلاۋە C-12. ھەرىكەتچان يېزىق

تور بەتكە ھەرىكەتچان يېزىق قوشۇلسا ناھايىتى كۆركەملىشىدۇ، تۆۋەندىكى مىسالغا قاراڭ:

```
<marquee border="0" width=80% height=5% direction="right">
大家好， 请大家好好学习
</marquee>
```

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

## 参 考 文 献


1） Davis Chapman . Visual Basic 5 Web 开发人员指南 . 沈刚，刘景华，孙彦华等译 .北京：机械工业出版社 ，1998

2） 薛元昀，顾佳英 . 网页数据库设计与发布 . 北京：清华大学出版社 ，1999

3） 汪晓平，吴勇强， 张宏林 . ASP 网络开发技术. 北京：人民邮电出版社 ，2000

4） 李世杰 . Active Server Pages (ASP) 2.0 网页设计手册. 北京：清华大学出版社 ，1999

5） 周中雨，钟北京. Active Server Pages (ASP) 网页制作指南. 北京：清华大学出版社 ，2000

6） 刘杰，魏志宏，网站开发新动力 ------ 用 ASP 轻松开发 Web 网站 . 北京：北京希望电子出版社 ，2000

7） Scot JohnSon. Active Server Pages 详解 ，新智工作室译. 北京：电子工业出版社 ，1999

8） Stephen Walther . Active Server Pages 2.0 揭密 . 希望图书创作室译. 北京：北京希望电子出版社 ，2000

9） 杨珏 ， 卢银娟 . JSP 网络技术. 北京：人民邮电出版社 ，2001

10）David Medinet .PHP3 程序设计 . 赵红卫， 刘燕等译 . 北京：机械工业出版社 ，2000

11）廖彬山 ， 高峰霞 ASP 动态网站开发教程 . 北京：清华大学出版社 ，2000

12）清源计算机工作室 . ASP 动态网站设计与制作 . 北京：机械工业出版社 ，2001

13）裘宗燕 . 计算机基础教程. 北京：北京大学出版社 ，2000

14）尚俊杰， 缪蓉 . 中小学教师信息技术培训教程. 北京：北方交通大学出版社 ，2002

15）Richard Anderson, Chris Blexrud . ASP 3 高级编程 . 刘福太 ， 张立民等译 . 北京：机械工业出版社 ，2000

16）尚俊杰 . 网络程序设计基础 . 北京：清华大学出版社; 北方交通大学出版社 ，2003